ئابلاجان بوۋاقى



# يۈرىكىڭدە كىم بار جانانىم

شىنجاڭ خەلق باش نەشرىياتى
شىنجاڭ پەن-تېخنىكا نەشرىياتى



## ئاپتور ھەققىدە

ئابلاجان بوۋاقى 1967 - يىلى 10 - ئايدا قەشقەر شەھىرىدىكى دۆلەتباغ يېزا ئاياغ سۈزاق كەنتىدە تۇغۇلغان. ئۇ 1989 - يىلى قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتىنىڭ تىل - ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنى پۈتكۈزۈپ، قەشقەر كوناشەھەر ناھىيەسىدىكى يېڭىئۆستەڭ يېزىلىق ئوتتۇرا مەكتەپكە خىزمەتكە تەقسىم قىلىنغان. ھازىر ئۇ قەشقەر شەھەرلىك 7 - ئوتتۇرا مەكتەپتە ئىشلەۋاتىدۇ.

ئابلاجان بوۋاقى 1985 - يىلى «قەشقەر گېزىتى» دە ئېلان قىلىنغان «لەگلىكىم» ناملىق شېئىرى بىلەن ئەدەبىي ئىجادىيەتكە كىرىشكەن، ھازىرغا قەدەر ھەرقايسى گېزىت - ژۇرناللاردا 1500 پارچىدىن ئارتۇق شېئىر، ئوبزور، سۆھبەت خاتىرىسى، نەسر، ھېكايە ئېلان قىلدۇرغان. نۆۋەتتە ئۇ «ئەجداد ئىزىدىن ئېچىلدۇ گۈل» ناملىق شېئىرلار توپلىمى ئۈستىدە ئىشلەۋاتىدۇ.

ئۇنىڭ «مىللىتىم» ناملىق شېئىرى 2000 - يىلى 10 - نۆۋەتلىك «خانتەڭرى ئەدەبىيات مۇكاپاتى» غا ئېرىشكەن.

ئابلاجان بوۋاقى

# يۈرىكىدە كىم يار جانانىم

(غەزەللەر)

شىنجاڭ خەلق باش نەشرىياتى
شىنجاڭ پەن-تېخنىكا نەشرىياتى

图书在版编目(CIP)数据

爱人啊，你心中有谁：维吾尔文/阿布拉江·布瓦克著. — 乌鲁木齐：新疆科学技术出版社，2013.3
ISBN 978-7-5466-1227-0

Ⅰ. ①爱… Ⅱ. ①阿… Ⅲ. ①诗集 — 中国 — 当代 — 维吾尔语（中国少数民族语言）Ⅳ. ① I227

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2013)第 047690 号

پىلانلىغۇچى: ئىبراھىم سەمەن
تەشكىللىگۈچى: ئابدۇشۈكۈر ئىمىن
مەسئۇل مۇھەررىرلىرى: گۈلنۇر ئابدۇرۇسۇل
ئابدۇۋەلى ئابدۇۋايىت
تەكلىپلىك مۇھەررىرى: ئابلەت جۇمە تۇپراق
مەسئۇل كوررېكتورى: نۇرىمان قادىر
مۇقاۋىسىنى لايىھەلىگۈچى: خەمىدە سەئىدئالىم
بەت لايىھەلىگۈچى: ئايىنسا ئوبۇل

يۈرىكىڭدە كىم بار جانانىم
(غەزەللەر)
*   *   *
شىنجاڭ خەلق باش نەشرىياتى
شىنجاڭ پەن - تېخنىكا نەشرىياتى نەشر قىلىپ تارقاتتى
(ئۈرۈمچى شەھىرى يەنئەن يولى No 255 پوچتا نومۇرى: 830049)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدا سېتىلىدۇ
شىنجاڭ لىنو سودا ئىشلىرى باسما چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىدە بېسىلدى
فورماتى: 1230mm × 880mm 1/32 باسما تاۋىقى: 6
2013 - يىلى 5 - ئاي 1 - نەشرى
2013 - يىلى 5 - ئاي 1 - بېسىلىشى
ISBN 978 - 7 - 5466 - 1227 - 0
باھاسى: 18.00 يۈەن

## 1

قىسمىتىم رەڭگىدە قان يوق، ئوت ۋۇجۇدۇم مۇزلىدى،
كۆي كۆزىدە باقىي ھىجران ئوق، نەۋ ھەم قۇم مۇزلىدى.

روھىناتىم جىلۋىسىدە نۇر پايانى ئاھ ئۇرۇپ،
قەسرى قىممەت ئېتكابىدا بارىم گۇم، مۇزلىدى.

قۇشلىرىم سەۋدايى چۇشلەر نەھرىدە مەجنۇن ــ غېرىب،
سۇبھىگاھلار لەۋلىرىدە كۆزى يۇم ــ يۇم مۇزلىدى.

چايقىلىپ ئىشقى قەدەھلەر، تەۋرىسە ئاسمان ــ زېمىن،
مىڭ زەئىپلىك ئىلكىدە ئەتلەمە تۇرقۇم مۇزلىدى.

ئەستىرى تەتۇر چاپاندەك تەلىيىم شۇنداقمىكىن،
ئەي بوۋاقى، تەلۋىلەر چالدى داپنى دۇم ــ دۇم، مۇزلىدى.

## 2

«كىمكى بىر كۆڭلى سۇنۇقنىڭ كۆڭلىنى شاد ئەيلىگەي،
ئانچە بار كىم، كەشبە ۋەيران بولسا ئاباد ئەيلىگەي»[①]

كۆڭلى سۇنغان ئەر ئەزەلدىن ھىجراننى ياد ئەيلىمەس،
زاتى غەم ــ ئازابى، ھەسرەتنى تامام مامات ئەيلىگەي.

---

① نەۋايى غەزىلىدىن

كۆڭلى سۇنغان قىز ئەزەلدىن قۇت ـ ۋىسال ئىشقىدا ئوت،
بۇلبۇلىنى شۇم قەپەستىن پەخرى ئازاد ئەيلىگەي.

ئاشىقى سەۋدايىنىڭ نازۇك دىلى شۇنچە نېپىز،
ئاھ ئەجەب ئەما ئەلەم سۇبھىدە تەن مات ئەيلىگەي.

سايرىتىپ گۇلشەن چىمەندە، ئەيلەپ يىراق غەۋغالىدىن،
گۇمبىزىنى شۇم رەقىبىنىڭ بەلكى بەربات ئەيلىگەي.

مىڭ پىغاندىن ئەر تۇغۇلدى ئىشقى سەنئەت ئىلكىدە،
كۈيچى بۇلبۇل قارغىنى مەڭگۈ دىلغا يات ئەيلىگەي.

ئەي بوۋاقى، چىن نەۋايى ئۇدۇمىدا كۇلدى جان،
كۆر، ئىجاد شەۋقىي ھاياتنى بەرقىي شەمشاد ئەيلىگەي!

**3**

قۇرۇق گەپ تۆكمىگىن كۆكتىن نەسھەتگۈي،
ئەگەر بولسا كۆڭلۈڭ ئورنىغا شاد مەي قۇي.

شەپەقتەك سىن ئىلىپ يىغلاي ئىرادەتتە،
شاراب مەستخۇشلۇقى چۇلغاپ ۋۇجۇد خۇشبۇي.

خوجايىن بولمىقىڭ باردۇر ماڭا مەڭگۇ،
يىراق باغرىمدا ھاتەمدۇر تۇمەنلەپ خۇي.

قورساقتىن ئۆزگىنى قىلماس پەقەت خەقىش،
پىچاق ئالدىدا تۇرغاننى بىلەلمەي ئۇي.

يېشىلگىم يوق پىغان ۋەجى كەيپىلىكتىن،
ۋۇجۇدۇمنى سۇبھى شەبنەم شارابتا يۇي.

رەزىل مەقسەتلىرىڭ زاھىر ئالامانغا،
ياشايسەن، دەپلا روھىمنى ئەبەد قوچۇي!

پىقىرلىق جەندىسى كىيگەن بىر ئاشىقمەن،
بوۋاقى دىلى سۆزلەر: «ياۋ ھىيلىسىن تۇي...!»

**4**

يەنە دىلبەر يولۇڭغا شاد باقار بولدۇم،
ئەگەر كەلسەڭ، ھىجىر چىشىنى چاقار بولدۇم.

ئازاب دەلدۇشلۇكى تۇتقان سەھەرلەردە،
غەم باشىغا زەھەرلىك مىخ قاقار بولدۇم.

ماڭا نەم تۇپرىقىڭ قالسۇن پەقەت لەۋدەك،
كۆيۈك جىسمىم ئاڭا مەڭگۈ ياقار بولدۇم.

ۋىسال ئىزدەپ كى زۆھرەنى قىلىپ ھەيران،
ئەبەد تاھىر كەبى ئاھ ئاقار بولدۇم.

كۆڭۈل خانەمگە ئەي دىلبەر، قەدەم ئالغىن!
بوۋاقى دەر: «يوغان دەمدە تاقار بولدۇم...!»

**5**

ئەجەب روھىم ئارا قاتمال تۈزۈم بولدۇم،
تۈزۈم نەدۇر، مىجىق، شالتاق ئۈزۈم بولدۇم.

ھىجىر دەشتى ۋۇجۇد ـ بارىم خاقانىدۇر،
دوغچى خالتىسىدا قېتىق ـ سۆزۈم بولدۇم.

زەبەردەست تۇنگە ئالماشتى، ئاھ نېتەي ئەمدى،
ئىشق چاقناشلىرى سۈس كۆندۈزۈم بولدۇم.

شەپەقنى ئەيلىدى لال، تەن تىپىرلاپ نەس،
ساماندەك سارغىيىپ بەلكى يۈزۈم، بولدۇم.

ئەجەب ئۆسسەلمىدىم ھېچكىم، ھېچ يەرگە مەن،
بوۋاق دەر: «يوق ئىكەن زەپ مۆڭگۈزۈم، بولدۇم...!»

**6**

ئۆزلۈقۈڭنى تەن ئېلىپ يار نازلىما،
تۆزلۈقۈڭنى چاقمىسۇن سار، نازلىما.

ئۆلىغان كۆي بىرلە دىلغا تەگمىگەي،
بولسا توقۇناق سازدىكى تار، نازلىما.

تاپىنىمغا سۆيگىدەك بولغانىدىڭ،
كەلمىدىمۇ ئەمدى چىن پار، نازلىما.

يالقۇرۇش ئوغلانغا ماس كەلمەس ئەبەد،
قىلمىغىن ئەر ئىشقىنى خار، نازلىما.

ئاچچىقىمدا ئىچ ـ ئىچىمگە سىغمىدىم،
كەلدى بەلكىم، بۇ جاھان تار، نازلىما.

ئەسلىدىن لايىق ئىكەنسەن خۇمىسىغا،
يەپ قاچار، ئەيلەر بوزەك سار، نازلىما.

يوق ئىكەن روھىي بىساتىڭدا رەزىل،
بىلدى بوۋاقى، ۋىجدان ـ ئار، نازلىما...!

7

ئەي رەپىق، مەن تارتمىغان غەم قالدىمۇ،
دىل ۋۇجۇدۇم سەزمىگەن تەم قالدىمۇ.

دەشتتە تاش پاتتى پۇتۇمغا تۈن بويى،
كۆر قېنى، كەشمدە كۆن ـ چەم قالدىمۇ.

قېنى مەن كىيگەن چورۇق، چۇۋۇق سېۋەت،
مىڭ داۋاندىن ئۆتكىچە پەم قالدىمۇ.

بىلمىدىم، روھ قاپىقىمدا ئىچكىلى،
ئۇسسىغاندا ئەمدى زەمزەم قالدىمۇ.

ئويىنىدىم پىر، تاش تىزىپ قىلدى گوجال،
بۇندا مەن سالدۇرمىغان رەم قالدىمۇ.

قان ئېتەر باغرىن بوۋاقى بىر ئۆمۈر،
بەرمىگەن سەن دىلغا بەرھەم قالدىمۇ...

## 8

مەندىن تەبىر ـ ئۈمىد كۈتمە، غېرىب كۆڭلۈم كېتىپ بولدى،
ھەۋەسلەر چاقنىشى ئۆڭگەن سەھەرلەرگە يېتىپ بولدى.

ھىجر ئارغامچىسى باغلاپ، ۋۇجۇدۇمنى كۆيۈك داغلاپ،
مېنى ۋەيرانە خار چاغلاپ قوشاقىغا قېتىپ بولدى.

راباتتىن ئۆركىگەن كۆڭلۈم بىلەن مەيخانىغا يەتتىم،
مەن بىرلە مەي ئىچىشكەنلەر كوچا ـ يولدا يېتىپ بولدى.

قەدەھ بەرقىدە سەن زاھىر، ئەلەم قارچۇقىدا شائىر،
ئىشق ساندۇقىدا تاھىر، تامام غەمنى تېتىپ بولدى.

قەسىرلەر قامچىسى يۈگرەپ، غېرىب باشىمدا ئوينايدۇ،
زەپەر دەرۋازىسىنى زەر ئەجەب بىر چاغ ئېتىپ بولدى.

بوۋاقى، چەرخىي ھەلقۇملۇق بىلەن باغرىنى قان ئەيلەر،
ئايا دىلبەر، كۆڭۈل بىرلە ۋىسال نۇر سىلكىتىپ بولدى...

## 9

ئەھلى نامەرد دەردىدىن قان ـ ياش تۆكۈش ئەرزىمەس،
داۋىنىدا مۈشكۈلىنىڭ بەلنى پۈكۈش ئەرزىمەس.

ئۆتىڭىدە ھاياتنىڭ قاقشايدىغان ئادەم كۆپ،
كەلمەس ئاڭا ھېچنېمە، غەمگە چۆكۈش ئەرزىمەس.

ئۆتكەل ـ ۋاقىت ھەممىنى تاسقاپ ئاخىر ھەل قىلار،
ئەستىرىنى چاپاننىڭ ئەمدى سۆكۈش ئەرزىمەس.

چاشقانلارنىڭ كۆزىدە چاقنىمايدۇ ئادالەت،
شۇڭا غەپلەت غارىغا زارلاپ مۆكۈش ئەرزىمەس.

قەسىدىلەر قىيسىيىپ، قەدەھلەردە يىغلايدۇ،
ئەجەل سۆيگەن لەۋلەرنى ئەيلەش كۆكۈش ئەرزىمەس.

دىۋە يوغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ ئەقلى چاغلىقتۇر،
كۆرۈپ تاغدەك بەستىنى ھەريان ھۈركۈش ئەرزىمەس.

ئەي بوۋاقى، ھەسرەتتە ئۆتتى ئۆمرۈڭ ئۇرۇپ، ئاھ!
ئازاب دېگەن ئىجاد كان، ئالتۇن - كۈمۈش ئەرزىمەس...

**10**

ئىتنىڭ خۇيى قاۋاشتۇر، قىينىمىغىن جان ئاداش،
سۆڭەك يالاپ، قانمىسا ئىچەر ھەتتا قان، ئاداش.

سەت يۈزىدە تۈكى بار، دىلىدا يوق نومۇس - ئار،
رەزىللىككە ئىنتىزار، بولمايسەن ئامان، ئاداش.

بەرگىنىڭگە تويمايدۇ، ئامانىڭدا قويمايدۇ،
يالماۋۇزدەك پەيلىنى قىپ دائىم يامان ئاداش.

بۇزۇپ - چېچىپ يايرايدۇ، ھوقۇش كەبى سايرايدۇ،
يەتمەس ئاڭا بىر ئۆمۈر بەرسەڭمۇ زەر كان ئاداش.

كارامىتى ئۈزگىچە، ئەتىيازدىن كۈزگىچە،
كېسىپ بەر دەپ تۆشۈڭنى، يېمەيدۇ ئۇ نان ئاداش.

كۆز قىرىنى سېلىپمۇ قويماس ھەتتا سۆڭەككە،
خىيالىدا كېزىپ شاد دائىم ئالدى سان ئاداش.

ئىت باققانغا سازايى دېدى يىغلاپ بوۋاقى،
خەسكە ئايلانغىنىدا قەلبىدىكى شان، ئاداش.

ئىت بىلەن دوست بولغاننىڭ تولار پوستى سامانغا،
ئالغان بولساڭ گەر قەدەم، خۇي پەيلىڭدىن يان ئاداش !

## 11

بىزگە ھامىيكەن ئەزەلدىن غەم، ئاداش،
باغرىمىزغا چىن ئازابكەن جەم، ئاداش.

بىر خۇشاللىق ۋەجىدىن كۈلسە يۈرەك،
بېشىمىزدا ئويناركەن شاد دەم ئاداش.

ھەسرىتى تەتۈر پەلەكنىڭ مىڭ تاغار،
روھىمىزنى ئەيلەر ئىكەن يەم ئاداش.

ھىجرى يالقۇندا يۈيۈنسا ئىشقىمىز،
تاپقۇدەك ئاشىق ھاياتمۇ تەم ئاداش.

كۆر شارابىنىڭ رەڭگى ئۆڭگەن تۈن ئىكەن،
كۆر، دىلبەرنىڭ لەۋلىرى زەمزەم ئاداش،

ئاھۇ ـ ۋاھقا كەلمىدى ھېچ نەرسىمۇ،
چىن ۋىسالغا ئىشلىتەيلى پەم، ئاداش.

ئوت بولۇپ ياندى بوۋاقى قايتىدىن،
ئەيلىبان قان كىرپىكىنى نەم، ئاداش!

**12**

چىقماس ھېچ ئىش ۋۇجۇدقا، قانۇن ئادىل بولمىسا،
ئېرىشمەس دىل نەۋ قۇتقا، قانۇن ئادىل بولمىسا.

ھەق سۆزلىگەن ئوت يۈرەك، قىلالماستىن چىن كۆرەك،
ئوخشاپ قالار قۇرۇتقا، قانۇن ئادىل بولمىسا.

ئادالەتنىڭ ھامىيسى ئەللەر قان ـ قان تۇكۇرۇپ،
باش ئېگەمدۇ «مەزمۇت» قا، قانۇن ئادىل بولمىسا.

سەبى، يۇمران غۇنچىلار ئاھ ئۇرمامدۇ سۇبھىدە،
سۇركەپ لېۋىن نەس جۇتقا، قانۇن ئادىل بولمىسا.

قايناپ مۇشتى يوغانلار، سېلىپ ھەرنە «توغان» لار،
ئەل تولامدۇ ئۇمىدكە، قانۇن ئادىل بولمىسا.

قانۇن ئېگى يوق ئەلنىڭ، تېگى ئەبەد ئاتمايدۇ،
ئوخشايدۇ ھەم قورچاققا، قانۇن ئادىل بولمىسا.

«شاھلار ھەقنىڭ بەلگىسى، ئادىل بولسۇن، ياشىسۇن...!»
دەر بوۋام : «ئۇ زەر قۇتقا...!» قانۇن ئادىل بولمىسا.

شەھۋەتخۇمار، ئاچ كۆزلەر داغ چۈشۈرەر يۈزىگە،
كىشەن چۈشەر نەس پۇتقا، قانۇن ئادىل بولمىسا.

ئۈمىد كۈتتى بوۋاقى، ئەل ـ يۇرت ئۆچۈن ئۈنىڭدىن،
ئىشەنمەستىن لەت دۈتقا، قانۇن ئادىل بولمىسا...!

**13**

«غەمدىن قۇتۇلمىغان مېھنەتلىك باشىم»①،
يامغۇردىن بەتتەر ئېقىپتۇ ياشىم.

گويا تونۇردا ئۆرتەنگەن قىلدەك،
كۆيۈپ كۈل بولۇپ كەتكەن ئىچ ـ تاشىم.

ئىشق دەرياسى دولقۇنغا ھامىي،
يار ئېلىپ كەتمىش ئاھ، يېشىل قاشىم.

يوقتۇر يېنىمدا نە يان، ئېنىمدا،
دىلدىن دىل بەرگەن چىن قېرىنداشىم.

ۋەيرانەدۇرمەن، سەرسانە بولدۇم،
زەھەر سالغاندەك سېسىغان ئاشىم.

نەدۇر ئاياشىم، ئاداش، قاياشىم،
ئېيتۇر بوۋاقى: «بىھوش قۇياشىم...!»

**14**

ئېلاج دەپتىرىگە ئىسمىم چۈشۈپ بولدۇم سېرىق بىر تال،
ئەجەب بوستان سېكىلەكتەك قىلىپ ناز، سويلىدى ئىقبال.

---

① «غېرىب ـ سەنەم» داستانىدىن.

قاراقلار جامى ھەسرەتكە قادالدى باغرى قان ئوقتەك،
ئېتىپ باغرىنى چاك ئاسمان، ئەلەم چەكتى تۆكۈپ زەر - بال.

خالايىق كۆيمىگەن شامدەك پىژىلدار پانىي ئالەمدە،
پەرىشتە زارى ھەسرەتتىن ياقا يىرتىپ دېدى: «مەن لال...!»

ئەجەب ئاشىق ئىدى تاغلار، يېشىل مەشۇق ئىدى باغلار،
نېچۈن دەللال ئېلىپ پايدا، چىمەندە بۇلبۇلى غال - غال؟

«زېمىستان كۆرمىگەن بۇلبۇل باھارنىڭ قەدرىنى بىلمەس»،
دېسەم، روھىم دېدى : «ئىشقىنىڭ بىلەن ساتارىنى شاد چال...!»

قېنىم كەۋسەرگە خال بولدى، جېنىم ھەسرەت بىلەن تولدى،
ئۆتەرمەنمۇ بولالماي بىر گۈزەل نەۋ چېھرىدە زەرخال؟

ئازاب تەتۈر ئىكەن ئەسلىي، ئەمەسكەن دوست باھار پەسلى،
ئىكەن جىن شاياتۇن نەسلى، ئاڭا ھېچكىم بولالماس دال...

بوۋاقى، شەۋقى نۇسرەتسىز غۇرۇرگاھتا جۇلا نەدۇر،
سەمەندەر سەبرىسى پۇتسە، ئۆزۈڭگە يارى خەنجەر سال...!

**15**

رەزىل مىكىرىڭگە جان تەقدىم ئېتىپ، دەردمەن ئەجەب بولدۇم،
پىغاندا تولغىنىپ قىلدەك سەھەردە دەر غەزەپ بولدۇم.

كىيىپ تون پىتنە - ئىغۋادىن، قۇتۇلماي تەركىي غەۋغادىن،
تاپالماي ئىشتىياقىمنى، بۇزۇلغان بەلكى سەپ بولدۇم.

قازاندا قايىنىدى غەيۋەت، لەھەتتە ئىگىرىسا غەيرەت،
سىناقتىن ئۆتمەيىن ئىشقىم جاھاندا نەرقسىز گەپ بولدۇم.

خىيالىم دەشتىنى باستى ھىجىر بورانلىرى بۇ دەم،
قىياسلار قايرىلىپ قاقشال كەبى، مەن رەپى - رەپ بولدۇم.

جۇدالىق چۈشتى باشىمغا، دەردىم ئېيتاي قۇياشىمغا،
ۋاپا تەختىدە ئۆز روھىم بىلەن مەڭگۈگە ئەپ بولدۇم.

كۆزۈمدىن ئاققىنى ياشتۇر، ۋۇجۇدۇم بىر قورام تاشتۇر،
ئىچىمدە ئاھ ئۇرۇپ يارەب، ئۆزۈمنى بەلكى يەپ بولدۇم.

بوۋاقى، قاقشىما ئىشقىڭ چۈشەنمەككە كېلەر دىلبەر،
كىشى بىلمەيدۇ ھالىڭنى، دېسەڭمۇ جانغا زەپ بولدۇم...!

**16**

سەھەر ئەيىامىدا بۇلبۇل گۇلدىن ئۆزگىنى يار ئەتمەس،
پىغانلىق نالىگاھىدا ئۆزگىن ھەم ئىنتىزار ئەتمەس.

غېرىب تۇن ياخشى ھۆۋقۇشقا، كۆنۈك ئۇ ئاشۇ تۇرمۇشقا،
گۈلىستان باغرىنى ھەرگىز ۋۇجۇدىغا باھار ئەتمەس.

شەپەق نۇسرەتلىرى ئىشقى مەلامەت دەۋرىدىن ئۆتسە،
نېتەي، سەۋدايى ئاشىقمۇ ئۆزىنى بەلكى خار ئەتمەس.

گەر يەتسە پانىي خار - زارلىق، جاھان جانغا قىلار تارلىق،
قولۇڭدا بولسىمۇ يارلىق، ۋىسال سازىغا تار ئەتمەس.

بۈيۈك دەۋرانە بولماققا دىلىمدا كۆپ ئىدى ئارمان،
ئاڭا تۈشلۈكى دەرمان يوق، ھىجىر قونماققا غار ئەتمەس.

ئوتۇم يوق، سۇدا ئاھ ئۇرسام، سۆيۈم يوق ئوتتا كۆيگەندە،
كىشى كىم شەرمىسار بولسا، مېنىڭدەك شەرمىسار ئەتمەس.

بوۋاقى، چىن ئىشق مىقياسىدا پەيۋەندە ئاشىقتۇر،
ئۇمىد دەرياسىدا بالقىپ، ۋىسال قۇچماقنى ئار ئەتمەس!

**17**

ئەجەب چۇپرەندە ئى ھىجران مېنى ۋەيرانە خار قىلدى،
ئازاب پەيتۇنىغا چىقسام غەم لەشكىرىن قاتار قىلدى.

پاياندار يوق ئىكەن يولدا غېرىبلىق دەشتىگە بارسام،
خادا تىكلەپتۇ شۇم ھەسرەت، جانان چاچىنى دار قىلدى.

ئېڭىم شەيتانلىرى قۇتراپ مېنى قاچماققا ئۈندەيدۇ،
روھىم ئۆڭگەندە جۇغلاشتى قانۇ ـ قان دىلنى تار قىلدى.

قولۇمدا تەمبۇرۇم باردۇر، ئۇچامدا بىر كېپەن ـ جۇلدۇر،
بوۋاقى، شۇ سۆپەت قۇلدۇر، ۋۇجۇدنى زەر ساتار قىلدى.

ئۇمىد دەرياسىدا ئاقتى، ھىجىر ھوشۇقىنى چاقتى،
ئۇمىدتە ئەتىگە باقتى، چۈن ۋىجدان ئۇنى يار قىلدى...!

**18**

ئىشق سەرسانلىقى شىبقاپ، كۆرۈك غەيرىي پېتەك بولدۇم،
پېتەك نەدۇر، غېرىبلىق تونلىرى ئىگراپ مېتەك بولدۇم.

مېتەكنىڭ قەدرى چاغلىقكەن، يۈرەكى ھەرنە داغلىقكەن.
ئەركەك بولسىمۇ ساغلىقكەن، تېزەك تولغان ئېتەك بولدۇم.

ئېتەككۇ ئېتكابىمدا ئەزەلدىن تەختى روھىمنىڭ،
توقامنى بۆرىلەر يېدى، غېرىبسىنغان كېتەك بولدۇم.

ئەجەب مەغلۇبلۇقۇم زاھىر بولۇپ باغرىمنى قان ئەتتىم،
چۇشۇمدە ئۆچرىشىپ مېكرى بىلەن مەنمۇ ھېتەك بولدۇم.

يامان كۆز چىقتى باشىمغا، يامان سۆز چۇشتى ئاشىمغا،
نېمە دەي روھ قاياشىمغا، جاھان نەھرىدە يەك بولدۇم.

بوۋاقى ئىنتاھا، ھىجرى ـ بالالەردىن بىزار بولدى،
ياقا يىرتىپ دېدى: «ئىقلىم ئارا ئۆتمەسكە چەك بولدۇم...!»

ئۇنى ۋەيرانە خار ئەتكەن، ئەبەدلىك شەرمىسار ئەتكەن،
يەنە مەڭگۈگە بار ئەتكەن ئىشىقتۇر، قەنت ـ گېزەك بولدۇم...!

**19**

ئىشق دوقمۇشىدا باغرىم ئېتىپ چاك، تەمتىرەپ قالدىم،
چۇشۇمگە ئىزدىبان تەبىر، غېمىڭنى بەكلا يەپ قالدىم.

تەمەننا ئىلكىدە شاھتەك ياشاپ ئۆتمەكنى ئىستەيتتىڭ،
پىسەنت قىلماس ئىدىڭ كۈيگە، قولۇمدا يوق سەدەپ قالدىم.

ساڭا خار ئەردى ئاھ ئۇرغان، ئىشق بەزمىسىنى قۇرغان،
بوران بارىڭنى «ھاپ...» ئەتكەن چېغى سەن دەپلا «خەپ...!» قالدىم.

جۇنۇن ۋادىسىگە چۈشتۈڭ، پايانسىز كۆك كېزىپ سۇبھى،
جېنىڭ بىرلە قېنىڭ نەدۇر، تۈگەپتۇ روھى دەپ قالدىم.

يېرىلغان لەۋلىرىڭدە غەم كۆزىنى ئوينىتىپ كۈلدى،
كۆزۈڭدە دېۋىدەك ھىجران، بىھاجەت ئەمدى گەپ قالدىم.

تەبەسسۇم جىلۋىسى سۇبھى ئېراسىدىن كېلەر بۇ دەم،
تۇرارسەن مىسلى مومىيادەك، بېرەيمۇ ياكى نەپ قالدىم.

بوۋاقى، بىل، جاھان ئۆتنە، چۈشەر ھەر باشقا سەۋدالىق،
ئۆزىنى بىلمىگەن مەشۇق ئۈچۈن دىلدا غەزەپ قالدىم...!

## 20

چىنەمدە بار ئىدى ھالۋا، كېپەك چاچتىم، ھەلەپ قىلدىم،
ھەسەل ئەۋرەزدە شاد ئاقتى، ھەلەپنى چىن تەلەپ قىلدىم.

ئىكەنمەن ئەسلىدىن ھايۋان، ئەقلىم يوق، مۇزلىدىم قان ـ قان،
خۇشال ئۆتمەككە يوق ئىمكان، كۆز ياشىمنى سەلەپ قىلدىم.

ئارزۇ شەھرىدە بۇلبۇلتىم، ئىشق ئېلىدە بىر قۇلتىم،
ئاشىق مەملىكىتىدە پاك روھىمنى ھەم خەلەپ① قىلدىم.

ئەجىر مەستانىسى بارىم، ئاڭا باغلىق غۇرۇر ـ ئارىم،
قاياقتا يۇردىكىن يارىم، تەلەپنى ھەسسىلەپ قىلدىم.

بوۋاقى، ئەقلى ئاتەشتە ۋۇجۇدۇڭ تاۋلا سۇبھىدە،
بۇ ئاخشام تىڭشىبان دىلنى ئۆزۈمگە يەككە گەپ قىلدىم.

---

① خەلەپ ـــ ئىز باسار.

## 21

ئىكەن داستانىڭ تولۇقسىز، ئاڭا مەستانە پەش بولدۇم،
يۇمۇپ كۆز، سۆزلىرىڭ تىنماي، خاتىرىلەپ چىن ھەبەش بولدۇم.

جۇدۇندا تىترىدىم لاغ ـ لاغ، سېنى بىر ئەتمىدىم باخ ـ باخ،
بىر تۇتۇرۇق تاشلىدىڭ قەغەز بىلەن ئاھ، ئەسكى مەش بولدۇم.

ناۋا سەيناسىدا قالدىم، ئۆزۈمگە مىڭ پىچاق سالدىم،
ئىكەن بۇ جان ئەجەبكىن چىڭ، مۇفتى چەكمەككە نەش بولدۇم.

شەبىستان شەبنىمى چۇشكەن ئىدى مېۋەمگە سۇبھىدە،
بىراق، ھىجران ئىكەن غالىب، سەھەر دەشتىدە ئەش بولدۇم.

قەسىدەم قاسىرىقى قابىل كېلىپ باغرىمنى كۆيدۇردى،
كىشى بىلمەيدۇ ھالىمنى، كىيىكسىز كونا كەش بولدۇم.

پانايىمدا مېھىر يوقتۇر، كۆيۈپ تۇرغان چېھىر يوقتۇر،
بوۋاقى دەيدۇ ئارماندا: «قىلدىم كۆڭلۈمنى غەش...!»بولدۇم.

چۇشۇمدە چەرخىي مەھشەرگاھ، چىقارمەن پەخرى غەيرەتتە،
ۋاراقلاڭ روھ كىتابىمنى، مېھنەت ـ تەرىمدە چەش بولدۇم.

## 22

ئوتقا سالدىڭ، ئوت نېمە، يالقۇندا كۆيدى ئوت يۈرەك،
سۇنى ئىزدەپ جان ئاۋارە، ئوت بىلەن مەۋجۇت يۈرەك.

ئوتتىن ئايرىلغان يۈرەكتە مىڭ جاھالەت جىسمى بار،
ھېچ باسالماس ئورنىنى ئوتنىڭ ئەبەدلىك دۇت، يۈرەك.

ئوت قىيامغا يەتمىسە، ئىشقى مەلامەتتىن دىرەك،
ھېچ ئۇيالماس ئىككى دۇنيا نەھرىدە چىن قۇت، يۇرەك.

ئاشىقى سەرگەشتە ھەم قان ـ قان دىلىنى چاك ئېتىپ،
چەرخى ئىمكان ئالدىدا تىرەپ تۇرالماس پۇت، يۇرەك.

ئوتسىز ئالەم مۇز باياۋاندۇر، ئەلەمدىن ئۆزگە يوق،
تۇرمىغاي ھەتتاكى ئۇندا جاندىن خالىي بۇت، يۇرەك.

خانۇمانىڭ مەن بولاي، سەنچۇن ئازابقا مەن تولاي،
لايىقىدا دىلبەرى جانانىنى ئاشنا تۇت، يۇرەك!

شاش بوۋاقى سەن بىلەن زاھىرلىقىن قىلدى بايان،
سەنمۇ ئۇنىڭ بەختى چۇن ئاچچىق ئەلەم ـ دەرد يۇت يۇرەك!

## 23

تاپقان ئاتا ـ ئاناڭنى تاشلىۋەتسەڭ بولامدۇ؟
بىر بېشىدا مىڭ جىدەل باشلىۋەتسەڭ بولامدۇ؟

سورۇپ ـ سورۇپ بوزىنى، ئاڭلىماستىن سۆزىنى،
ساڭا باققان كۆزىنى ياشلىۋەتسەڭ بولامدۇ؟

قىلماي كۇندۇز كېچىنى، زەھەر قىلىپ ئىچىنى،
زەردابىڭ ئاز كەلگەندەك «قاشلىۋەتسەڭ» بولامدۇ؟

يۇرىكىنى قان قىلىپ، بىر جېنىنى مىڭ جان قىلىپ،
ۋۇجۇدىنى بىھۇدە ئاشلىۋەتسەڭ بولامدۇ؟

ئاتا ـ ئانا پەرىشتە، ئىدى جايى ئەرشتە،
دىل كۆكىدىن نومۇس يوق، تاشلىۋەتسەڭ بولامدۇ؟

بوۋاقىمۇ بۇ يولدا خاتاغا كۆپ يول قويغان،
قۇت ـ راھەتنىڭ تېشىنى ماشلىۋەتسەڭ بولامدۇ؟...!

**24**

تاپقان ئاتا ـ ئانائنى خاپا قىلساڭ بولامدۇ؟
پۇتمەس بۇلاق مېھرىگە جاپا قىلساڭ بولامدۇ؟

كۆزىدىن ياش ئاققۇزۇپ، ھەسرەت گۇلىنى تاققۇزۇپ،
دىلىغا داغمال ياققۇزۇپ، ئاپا قىلساڭ بولامدۇ؟

بۇزۇپ ـ چېچىپ بارىنى، تاپماي ئۆزۈڭ چارىنى،
ئۈزۈپ رىشتە تارىنى «ساپا» قىلساڭ بولامدۇ؟

چىكىپ ئەڭلىك چېكەڭگە ئۇرۇپ «ئالجىپ» مەيدەڭگە،
قىيناپ، سۇمبۇل چاچلارغا «ۋاپا» قىلساڭ بولامدۇ؟

داغلىق قىلىپ دىلىنى، قىسقا قىلىپ تىلىنى،
ئېگىپ تازا بىلىنى تاپا قىلساڭ بولامدۇ؟

بىر كۈن كېلەر بېشىڭغا، چۇشەر چېۋىن ئېشىڭغا،
باقماس ھېچكىم يېشىڭغا، قاباھ قىلساڭ بولامدۇ؟

دوستۇڭ بولغاچ بوۋاقى، دىل سۆزىنى باشلىدى،
«ماقۇل» تېرىپ ئالغاندەك مازاق قىلساڭ بولامدۇ؟!

## 25

سۆيگەن يارنىڭ دىلىنى قان ـ قان قىلساڭ بولامدۇ؟
بىر جېنىغا ئۇرۇپ تىغ مىڭ جان قىلساڭ بولامدۇ.

ئەلەم چەكسە داپ چېلىپ، تاپقىنىنى «هاپ» قىلىپ،
رەقىبىنىڭ غەلبىسىن زەر شان قىلساڭ بولامدۇ؟

بولۇپ ئوغرى بېغىدا، قوروپ گۆشىن يېغىدا،
بىساتىنى ياۋ ئۇچۇن نىشان قىلساڭ بولامدۇ؟

سامان قىلىپ چېھرىنى، ئۆتمەس قىلىپ مېھرىنى،
خامىنىنى دۈشمەنگە ساپ دان قىلساڭ بولامدۇ؟

جاپا قىلىپ ۋاپاغا، قېلىپ تەنە ـ تاپاغا،
دىل تۆرۈڭگە مەككارنى شاھ ـ خان قىلساڭ بولامدۇ؟

رەقىب دېگەن هاماقەت، ساق تۇرمايدۇ ئامانەت،
ئويناپ ئۇسسۇل دېپىغا، سەرسان قىلساڭ بولامدۇ؟

ئېزىپ بىر چاغ بوۋاقى، شاراب ئىچكەن پۇشايمان،
رەقىب دىلى نەس دوزاخ، دۇكان قىلساڭ بولامدۇ؟!...

## 26

كۆۋرۈكىدىن ئەهلى نامەدرنىڭ بولۇپ شاد ئۆتمىدىم،
مىندۇرۇپ قويغاندىمۇ خەسلەرگە شاش ئات ئۆتمىدىم.

تەخسىسنى تەڭلىدى، مەن ئالمىسام قول ئالدى،
ھەيۋىكەش كۆتۈرسىمۇ ئالەمچە پەرياد، ئۆتمىدىم.

قىيىندى، ئۇسۇلى ھەر خىل، ئىگرىسىمۇ ئىشقى دىل،
چەيلىنىپ ھايات گۇلۇم بولسىمۇ بەربات، ئۆتمىدىم.

كۆزلىرىمدىن ياش ئېقىپ ئەيلىدى لال سەل جىسمىنى،
مىڭ رەقىب ئالدىدا بىر رەت دېمىدىم «داد...» ئۆتمىدىم.

گۇل تۇۋىدە دىل بىھوش ياتسام غېرىبلىق ئىلكىدە،
يار كېلىپ قويغاندىمۇ ھەتتاكى زەر قات ئۆتمىدىم.

«ئۆتمە نامەرد كۆۋرۈكىدىن، سۇ سېنى ئاقتۇرسىمۇ،»
دەپ بىر ھېكمەت بار ئىدى، بولدى رەقىب مات، ئۆتمىدىم.

ئوت بوۋاقى دەيدۇ: «ۋىجدان ئەھلى ئادەمدەك ياشا...!»
يانمىغان ماڭغان يولىدىن شۇڭا پەرھاد، ئۆتمىدىم...!

**27**

خۇمسىدىن ۋاپا ـ ساداقەت كۇتمىدىم،
تەلمۇرۇپ پەخرى سائادەت كۇتمىدىم.

چەككىنىم بولغاندىمۇ ھەسرەت ـ ئەلەم،
ئوڭدا يېتىپ، ياخشى سائەت كۇتمىدىم.

ساقلىدىم ۋىسالنى سەبرى ئىلكىدە،
قالمىسىمۇ دىلدا تاقەت كۇتمىدىم.

ئوت ۋۇجۇدۇم بولدى كۇل، چۇلچۇل ئەبەد،
يۇرىكىمنى ئۇپتى ئاپەت كۇتمىدىم.

چاينىدىم تۇز كەينىدىن مۇز، ۋادەرىخ!
شۇندىمۇ مەردانە ئامەت كۇتمىدىم.

سەۋرى قامەت يا بولۇپ قالدى غېرىب،
بولمىسا ئىجاد، نە قامەت كۇتمىدىم.

«بار دېدى ئەل قەلبىمىزدە هەر دەقىق...!»
ئۆرۇسەم يۇز، چىن هاماقەت كۇتمىدىم...!

## 28

چاقنىدىم ۋال ـ ۋۇل، لېكىن باقىي مۇرادقا يەتمىدىم،
خۇمسىلار مىندۇرسىمۇ مەۋلانە ئاتقا، يەتمىدىم.

بىر تېمىم زەمزەم تېپىلماي قالسىمۇ چۆل ـ دەشتىدە،
قوللىرىمنى تەڭلىمىدىم، بەلكى ياتقا يەتمىدىم.

ئەيلىدىم ئىشقى تەپەككۇر هەر دەقىق بارىم بىلەن،
شەيئىلەر بەرنا ئىكەن، بىر تىلسىماتقا يەتمىدىم.

چۇشلىرىم غەمزىسىدە ۋەسلى باراۋەت شادىمان،
هەي، ئوڭۇمدا ئۇچرىدىم مىڭلارچە ماتقا، يەتمىدىم.

هەممە: «بارىم، دوست...» دېدى مەن ئۇچۇن كۆپ غەم يېدى،
بۇ يۇرەك زەپ چىدىدى، بەستىمدە لاتقا، يەتمىدىم.

تاغ ـ داۋاندىن ئۆتكىنىم ۋەسلىمگە يەتكەنلىك ئەمەس،
يۇرىكىمنى مۇكاپات قىلدىم ئىجادقا، يەتمىدىم.

كەلدى غايىبتىن سادا: «بوۋاقى، باغرىڭ قىلما قان،
مېھنەتۇ تەرىڭ بىلەن يېتىسەن ئىجادقا...!» يەتمىدىم...!

**29**

كىرپىكىنى قىلىپ ئوق جانىمغا ئاتار كەلدى،
ئاۋۋال ئۆزى زەربىدىن زەمبىلدە ياتار كەلدى.

ئىشقىي قىلىپ زاھىر، ئەيلىبان مېنى شائىر،
قوشىقىغا روھىمنىڭ بىر يولى قاتار كەلدى.

قان ـ قان قىلىپ بارىمنى، ئاشۇرۇپ ئەرشتىن زارىمنى،
يۇرىكىمدە لايلاتما مۇزىدەك قاتار كەلدى.

چېھرى قۇياش، گۇل گويا، لەۋزى ياڭراق، تۇتىيا،
نىگاھلىرى ئوت خەنجەر، باغرىمغا پاتار كەلدى.

ھىجران دەشتىدە يىغلاپ، كەلسەم ئىمكان شەھىرىگە،
مەردانە قىياپىتىم بىر پۇلغا ساتار كەلدى.

ئىگرىبان ئازابلاردىن، دەردىم يەتسە پەلەككە،
غېرىب تارىدا يىغلاپ «چال، مۇڭ...!» دەپ ساتار كەلدى.

ھىجراندىن جۇدا بولماق مۇشكۇلكەن ھاياتلىقتا،
بولۇپ ئاڭا قول ـ قانات، ۋۇجۇدۇم ماتار كەلدى.

ھىندى يىغلىدى زار - زار، رەسىلىك ۋۇجۇدى قان،
ئەرەبنىڭ پۇتى كالۋا، ئۇيغۇر، تۇرك، تاتار كەلدى.

بوۋاقى ياقا يىرتىپ ئاشىقلىق ئىتەر جارى،
ئالدىمغا ھۆكەر يۇلتۇز، قۇياش - ئاي... قاتار كەلدى.

**30**

ئەلەم مەيخانىسىدا غەم ئىلىنىڭ توپ بىشىدۇرمەن،
غىرىب كۆڭلۇم ئارام تاپماس سەنەمنىڭ دىل يىشىدۇرمەن.

نادامەت ئۆتتى قاقىردەك ئىشق ئاسمانىدىن بۇ دەم،
يىرىلدى باغرىم ھىجراندا، ئۆزۈم بىلمەس كىشىدۇرمەن.

يىنىپ تەگدى يۇرەككە ئوق، بىلەلمەسمەن بارمۇ مەن، يوق،
سۇكۇت غارىدا روھ زاھىر، ئۇنىڭ شاد سىردىشىدۇرمەن.

ئىچۇ - تاشىمدا يالقۇن بار، كۇيۇم مەڭگۇ ئۇزۇلمەس تار،
ۋىسال ئۇپقان سەھەرلەردە ۋىسالنىڭ زەر قىشىدۇرمەن.

چۇشۇپ مۆلدۇر مۇئەللەقتىن ئەجەب ۋەيرانە خار ئەتتى،
قالدىم ئاھ، ئوخشاپ قونچاقا، يا شۇ قونچاق ئىشىدۇرمەن.

غەنىلەر ئىتىكاپىدا مۇغەننىي جىلۋىسى قاينار،
ئۆزۈم ئۇسسۇلچى بولسامۇ بىراق، شەيتان ئىشىدۇرمەن.

بوۋاقى، قايىنغان چۆگۈن تاشار بويىنىغا بىر پەستە،
ئىنىمدا بىر يىشىل نۇر بار، ئۇلۇغلارنىڭ پىشىدۇرمەن...!

## 31

ئاقمايدىكەن ھېچ گېپىڭ شاھتەك ئورنۇڭ بولمىسا،
سەلتەنەتكە ماس كېلەر گۈلزار تونۇڭ بولمىسا.

ئوخشىمايدۇ ئاش ـ نېنىڭ، كەلگەن چاغدا مېھمىنىڭ،
گۆش ـ ياغ، سەۋزە، چامغۇر، ماش، كۈدە، ئۇنۇڭ بولمىسا.

قۇچالمايسەن شان ـ زەپەر، مىڭ بولساڭمۇ دەر ـ بەدەر،
جەڭدە بۈيۈك نۇسرەتنى، ھالال خۇنۇڭ بولمىسا.

چىقار ئىتمۇ بېشىڭغا، ھېچ باقماستىن يېشىڭغا،
ئادەمگە خاس مۇھەببەت ھەم جۇدۇنۇڭ بولمىسا.

باغلاپ ئۈمىد ئىجادقا، ئېرىشمىسەڭ نىجادقا،
يۈزلىنىسەن ماماتقا، ئۆز ئويۇنۇڭ بولمىسا.

ئەمەل گويا سايىدۇر، ئەبەد يالغان غايىدۇر،
بوۋاقى خەس، مېھنەتتىن پۈتكەن ئورنۇڭ بولمىسا...!

## 32

«ساتارىم تارىسىگە جان رىشتىسىدىن تار ئېشىپ سالسام»①،
ئەگەر توقۇناق بولۇپ قالسا، ئىشقىم بىرلە يېشىپ سالسام.

ۋۇجۇدۇم لەرزىگاھىدا قولۇم تىترەپ كېتەر بولسا،
ئىشق دىرەشىدە بارماقلىرىمنى شاد تېشىپ سالسام.

① مەشرەپ غەزىلىدىن ئېلىنغان.

يەنە گەر بولمىسا مۇمكىن، ۋۇجۇدۇمنى قىلىپ قان ـ قان،
قۇلاقىغا يېقىپ لەۋنى كېچىچە تىركىشىپ سالسام.

كۇيۇم ھەلقۇمغا يەتكەندە تېنىمدىن ماغدۇر كەتكەندە،
ۋىسال تەڭپۇڭلۇقى ئۇپقان سەھەردە سىردىشىپ سالسام.

كىشى بىلمەيدىغان دەردنى ئىلاھىم ساپتۇ باغرىمغا،
ساتار لەۋزىدە تۇرغاندا، يار بىرلە تارىشىپ سالسام.

بوۋاقى، لەرزى تەن ئىچرە سۇبھىدەمدە غېرىبلاندى،
«ساتارىم تارىسىگە جان رىشتەسىدىن تار ئېشىپ سالسام...».

## 33

جۇنۇن ۋادىسىدا قان ـ قان ئېقىپ روھىم، بىھوش بولدۇم،
بىھوشلۇق ئىشقىمە جىسمىم ئەجەب سەرسان قۇمۇش بولدۇم.

توزۇپ قۇمۇش پۆپىكىدەك ئىرادەم نۇرلىرى بۇ دەم،
ئېگىپ باش سەجدىگاھلاردا، ئۆزۈمگە ئەڭ تونۇش بولدۇم.

تونۇشلۇق ئېتىقاد بىرلە چىگىپ باردى سەھەر ـ ئاخشام،
بېشىمدا سايرىدى بۇلبۇل، ئاڭا جۆندەكچى قۇش بولدۇم.

تەبەسسۇم قىبلىسى قەلبىم ئېراسىغا ئاسار زەر تۇغ،
شوراپ تۇن لەۋلىرىنى شاد غېرىبسىنغان ئۇپۇش بولدۇم.

قەھىرلىك چايقىلىپ جامدا شاراب رەڭگىنى ئۆزگەرتتى،
يېتىپ گۇل تۇۋىدە ئىڭراپ، بەرگلەردە سۇس ئۇش بولدۇم.

ھۆشىغا كەلدى بۆلبۆلمۇ مىسال ۋەسلىگە يەتكەندەك،
قۇياش شادلاندى چېھرىدە قىلىپ سەيلانە خۇش بولدۇم.

بوۋاقى، تەقدىرى قىسمەت نېداسىغا ئۇمىد ئۆپتى،
ئۆزۈمنىڭ روھىناتىمنى بۇزۇپ قايتا قۇرۇش بولدۇم...

**34**

يىغىپ قويدۇم ئەجىر ـ مېھنەت بىلەن پۇل ـ مال، راسا خەجلە،
تاپاي ئاھ، تىترىبان لاغ ـ لاغ، بولماي غال ـ غال راسا خەجلە.

يېشىم دەرياسىدا يەلكەن ياساپ روھىم ئۆزەر غەمكىن،
يېشىڭنى تۆكمە يار، سەنچۇن تۆكەي تال ـ تال، راسا خەجلە.

كېپەن بولسۇن ساڭا جەندەم، توقۇپ زەردىن گۈزەل شايى،
ئىشق كۆكلىمىدە چاقناپ بولۇپ ۋال ـ ۋال، راسا خەجلە.

ئۆزۈڭ خالاپ ئېلىپ خەجلە، تالاپ، تەتۈرلىشىپ خەجلە،
بولاي مەيلى تونۇرۇڭدا مىسال قاقشال، راسا خەجلە.

مەيلى، دەتتىكام ئېتىپ خەجلە، شاياتۇنغا سېتىپ خەجلە،
ھالاكەتكە پېتىپ خەجلە، تويۇپ ئاۋۋال راسا خەجلە.

بىكار ياتقان شىكار قىلغاي ئىجادكار قەلبىدە دائىم،
ئىكەنسەن ئىككى ئالەمدە ئەسلىي داشقال، راسا خەجلە.

نومۇس ۋەجىدىن بوۋاقى دېدى: «تويسۇن كۆزۈڭ بىر رەت،
بېسىپ كەلمەستە بارىڭنى غەم ھەم زاۋال، راسا خەجلە..!»

**35**

شەپەق ئىشقى دىلىمدا قايىنىبان ئەپغاننى لەيلەتتى،
ھىجىر داستانىنى پۈتتۈم، ئازاب چەرخىدە چەيلەتتى.

يوغان ئالىقاندا بەستىمنى مۇجۇپ، ھەتتا سىقىپ قىستى،
بېسىپ، ئەنجۈر سىياقىدا يەنە ھەر ياڭزا ئەيلەتتى.

شەپەق مۆكتى، چىقىپ يۇلتۇز، ھىلال مەيخانىغا چۆكتى،
ھۆركۈتتىكى قوشلاپ جام، پىغان ئىشقىمنى خەيلەتتى.

نەپەسلەر تاغدىكى ئەنقا تىلىدىن ئۆتتى ھال ئېيتىپ،
قىزىقكەن قىسمىتى تەقدىر، ئۆزۈم ئۆزۈمگە پەيلەتتى.

جۇنۇنلۇق دەشتىدە قالدى، بوۋاقى زۇلپىقار ئالدى،
قايانغا تەلمۈرۈپ باقتىم، ۋىسالسىزلىق بوزەك ئەتتى...

**36**

شەپەق ئىشقى تېنىمدە قايىنىغان ئولجامنى كىم ئالدى،
پېقىرلىق يەتسە جانىمغا، سۈكۈتتە بەلكى جىم ئالدى.

ئارازلانغان دىلىستانىم بىلەن تاغلارغا يول ئالدىم،
تاپالماي ئۇندا ئولجامنى دېدىم : «يارەب، جېنىم ئالدى...!»

ئەمەستى ئىشقىمە سىرلىق، ئىدى ئاچقۇچ تۇمەن قىرلىق،
خىيابان ھالدا ئولتۇرسام، ئىدى ئەتراپمۇ ھىم ئالدى.

نىھايەت، بىر سامان قەغەز، ئوتى ئىشقى يامان قەغەز،
بەلكىم ئەۋلاد ئامان قەغەز، نە قەغەزكى گېنىم ئالدى.

ئەمدى ئۇندا نەسەپ ـ تارىخ نۇرانە بىر قۇياش يەڭلىغ،
دېدى دىلبەر: «چۈشەنمەسلەر ئەجەب چاڭقاق كېنىم ئالدى...»

كۆزۈمدىن قاچتىغۇ ئۇيقۇ، ئىكەن ئۇ ناتىۋان تۇيغۇ،
بوۋاقى: «تاپمىقىم مۇشكۇل، خارماندا چەش ـ دېنىم ئالدى...»

تېپىپ ئوغرىنى ئالەمدىن، ئالارمەن قۇتنى لالەمدىن،
چىقار يالقۇن رىسالەمدىن، ئۇنى بىر مېھمىنىم ئالدى...!

**37**

بىر سۇبھىدە ساباھقا ئەگىشىپ شاد بارىمەن،
چۈنكى، گۈلگۈن دىلبەرنىڭ دۇنيالىقتا بارىمەن.

سۇبھىدەم شاد بارمىسام يا مىنىپ ئات بارمىسام،
كەلمەمدۇ يات بارمىسام، قانداق دىلكەش يارىمەن؟

سازلىرىمنى چالمىسام، باغرىدا ئارام ئالمىسام،
شەيتان يۈگەن سالمىسام، ئىككى ئالەم قارىمەن.

بولۇپ دىلدىن دىل شىپاھ، قىلمىسام گەر قىبلىگاھ،
ئادەملىكىم نە ئېرۇر، بۇلبۇل ئەمەس، سارىمەن.

ھەر داۋاندىن ئۆتكەندە، روھى ئۇمىد كۈتكەندە،
ئوت ئالىدۇ ۋۇجۇدۇم، ئەبەد مەدەتكارىمەن.

يولۇقسا گەر خەتەرگە، تېنىم چۆمەر زەھەرگە،
ئاتلىنىمەن ئۆتكەلگە، چۈنكى ئوتلۇق شارىمەن.

چۈشەنمەسلەر ئىشەنمەس، ئىشەنسىمۇ چۈشەنمەس،
بوۋاقى دەر: «دىلبەرنىڭ باغرى، غۇرۇر ــ ئارىمەن...!»

**38**

ئەجەبكىم ئىشقى سۇبھىدەم گۈزەل جانانىنى كۆرسەتتى،
مېھىر مىقياسىدا گويا شاھى خاقانىنى كۆرسەتتى.

نەپەسلەر كۆيدۈرۈپ يال ــ يال، يېشىمنى ئاققۇزۇپ تال ــ تال،
يېشىل چۈش قوينىدا ياتقان بىتەقۋا جاننى كۆرسەتتى.

ئىرادەم چوغلىنىپ شۇ دەم، تاماشا ئەيلىدىم زەمزەم،
تۇتۇنغاچ ئوت دىلىم كۆيگە، باھاسىز شاننى كۆرسەتتى.

قارا چاچتىن ئىپار ــ ئەنبەر پۈراپ ھەر يانغا، جان تەسلىم،
قىياسلار لەڭگەرىدە گۈل، ئىشق داستاننى كۆرسەتتى.

قاتارلاشتى سەنەم، زۆھرە... بوۋاقى تاڭ قېتىپ قالدى،
ئېگىز تاغ باشىدىن پەرھاد دولقۇنلۇق قاننى كۆرسەتتى.

كامارغا باش تىقىپ تۈلكە ــ شەقىقىلەر ئوينىتىپ كۆز ھەم،
مېنىڭ مەستانە بارىمغا رەزىل شەيتاننى كۆرسەتتى.

بوۋاقى، ئاھۇ ــ ۋاھ قىلماي ۋۇجۇدىنى ئۆزى تىلماي،
ئىشق خارمانىدا تۇرغان ئالتۇن چەش ــ داننى كۆرسەتتى!

**39**

ھىجران شاھى خاقان بولدى يار كېتىپ،
ھەسرەت دىلغا جانان بولدى يار كېتىپ.

بار چېغىدا بىلمەپتىمەن قەدرىنى،
ئىشەنچ ئارمان راۋان بولدى يار كېتىپ.

مەنزىل تامان ياياق يۈردۈم ئۆرۈپ ئاھ،
ھەر قەدىمىم داۋان بولدى يار كېتىپ.

قۈيرۈقىنى شىپپاڭشىتىپ يۈرگەنلەر،
گويا ئىبلىس، قاۋان بولدى يار كېتىپ.

ئېلىپ كەتتى دانلىرىمنى جۈت - بوران،
دەرمانلىرىم ۋەيران بولدى يار كېتىپ.

ئوخشاپ قالدى روھ تونۇردا كۆسەيگە،
ۋىسال ئەبەد كارۋان بولدى يار كېتىپ.

پارە - پارە بولدى بوۋاق يۈرىكى،
فۇرقەت، مەشرەب، گۇمنام بولدى يار كېتىپ...

**40**

سۆيگەن ياردىن ئايرىلىپ كۈلۈپ ياشاش ئاسانمۇ؟
سۈبھى سۈلغان كۆڭۈلنى ئاخشام ياساش ئاسانمۇ؟

ئۆتتى جاندىن جۇدالىق زەخمەتلىرى بىمەھەل،
نەۋدەك يۇمران لەۋلەرنى ئۆزى قاساش ئاسانمۇ؟

گۈل - غۇنچىدەك ئادەمگە، دۇچار بولۇپ ماتەمگە،
ئەل ئالدىدا ئاھ ئۇرۇپ، ئاققۇزۇش ياش ئاسانمۇ؟

يېرىپ دۇمباق ـ ناغرىنى، خۇن ـ خۇن قىلىپ باغرىنى،
ئەلەم بىرلە غەزەپتە چاينىماق تاش ئاسانمۇ؟

تېپىپ بەرنا قەدەمنى، تۇتۇپ ئادىل قەلەمنى،
دوست ـ دۇشمەنلەر ئالدىدا ئوڭشىماق باش ئاسانمۇ؟

كۆيسە «پىژ ـ پىژ» يۈرىكى، ھەتتا ھايات كۆرىكى،
سەپ ئالدىدا كۆتۈرۈپ مېڭىش ئوتقاش ئاسانمۇ؟

بوۋاقى، سەن بۇ يولدا مىڭ تەمتىرەپ، تەرلىدىڭ،
سۆيگەن يارغا ھاياتتا بولماق قاياش ئاسانمۇ؟...!

**41**

باقىي غەملەر ئىلكىدە باغرىمنى قان ـ قان قىلدىڭىز،
غەمزە بىرلە پاك يۈرەكنىڭ بۇرنىدىنلا ئىلدىڭىز.

رەندىسىدە شاھى ھىجراننىڭ گويا چاغلاپ ياغاچ،
تۈنلىرىدە ئۇيقۇ يوق، ۋۇجۇدۇم شاد شىلدىڭىز.

شىلغىنىڭىز مىسلى ئاز كەلگەنمىكىن، ئىككى جاھان،
ھەرىسىدە چىن ئازابىنىڭ نەچچە پارچە تىلدىڭىز.

نەيلەيىن، پانىي ھاماقەتلىك بىلەن ئۆتتى ئۆمۈر،
پاك يۈرەكنى سىزگە بەرسەم، مېنى كىم دەپ بىلدىڭىز.

بۇ بوۋاقى قىلدى نالە، يەتتى كۆككە، ئاشتى ھەم
ھەر تامان يىغلاپ تۇراردۇر، قان ـ يېشىدىن دىل دېڭىز...

## 42

ماڭا ئىشقى ھىجراننى سالغان گۈزەل يارىسىز،
باقىي قىلغان ئازابنى بەرنا نىشان ـ چارىسىز.

قۇت تاپىدۇ ھاياتىم بىر سىز بىلەن شادىمان،
نېمە كۆرسەم رازىمەن، پاك يۈرەكنىڭ بارىسىز.

ساتارىمغا ئۈمىدتىن سالسام ئېشىپ تارىمنى،
بىر تال تارنى قىرىققا چىلڭ جىلۋىدە يارىسىز.

مەكتىپىدە سۆيگۈنىڭ پەيلاسوپقا ئايلانغان،
بىردە زالىم، بىرىدە دىلنىڭ مەدەتكارىسىز.

راباتىڭىز سېھىرلىك، ھاياتىڭىز مېھىرلىك،
ۋۇجۇدىڭىز چېھىرلىك، گويا زەر ئوت شارىسىز.

چىقالمايسىز تاغلارغا، كىرەلمەيسىز باغلارغا،
نېمە دەي بۇ چاغلارغا كۆيۈك دىلغا دارىسىز.

ئايلانمىدىم شامالغا، چىقمىنالماي ئامالغا،
چۈشتى روھىم قامالغا، مەندەكلا سەدپارىسىز.

بوۋاقى، تەن لەرزىدىن بىزار بولدى ئالەمدە،
كىرىڭ دىلبەر باغىغا، ئېتقادى، ئارىسىز...

## 43

ماڭا ئىشقى ئەلەملەر تاشلىغان بەرنا سەمەندەرسەن،
تامامەن ئېپتىخارلانسام يارارغا باقىي غەمدۇرسەن.

تەرەھھۇم ئەيلىسە روھىم راباتىڭغا تەبەسسۇمدا،
غېرىب، مەستانە كۆڭلۈمگە ھەر يەردە بولساڭ جەمدۇرسەن.

قاچانكى دىل ئىشكىمنى تاقار بولسام سەھەر ـ ئاخشام،
مۇراد ـ مەقسەتكە يەتمەكچۈن ئىلاھ بەرگەن زەر، دەمدۇرسەن.

خىيالىم نەھرىدە قالسام قولۇمغا باقىي جام ئالسام،
يۈرەككە قوش پىچاق سالسام، ئەجەب مەۋلانە تەمدۇرسەن.

ساڭا چىن ئىھتىرامىم بار، شەبىستاندا سالامىم بار،
يۈرەكتىن چىن كالامىم بار، ۋۇجۇدتا قانۇ ئەمدۇرسەن.

جۇدۇن دەشتىنى شاد كەزسەم، مېھرىڭدە تاغۇ ـ تاش ئەزسەم،
پىراقتىن جاننى ئۆتكۈزسەم، قۇياشتەك شاھ دەرەمدۇرسەن.

بوۋاقى، ئۆپتى بارىڭنى، سۇبھىدەم چەكتى تارىڭنى،
ئاتا ئەيلە قارارىڭنى، جېنىمدىن مۆھتىرەمدۇرسەن...

**44**

مەشرەپتەك زارى قەلبىمنى خوتەنگە شاد ئېلىپ كەلدىم،
بېھىشتىن ئەتىۋار كۆركەم ۋەتەنگە ئات ئېلىپ كەلدىم.

قەدىم ئاستانە قەشقەردىن مېھرى جامىنى قوش قوللاپ،
چېلىپ تاشۋاي راۋابىنى، سېلىپ ناۋات ئېلىپ كەلدىم.

سۇبھىدەم نەۋبەتى ھەزرەت چۇشۇمدە تۆكتى كۈي، يارەب!
نەزىم ئوكيانىدا زاھىر تۇمەن پەرھاد، ئېلىپ كەلدىم.

روزى مەھشەردە بىر شائىر قۇچاق ئاچتى ئەزىزىم دەپ،
دېدى: «مەھمۇد، يۇسۇپ ئەۋلادى بىز، بول شاد...!» ئېلىپ كەلدىم.

پەسىل ئوخشاش، نەسىل ئوخشاش، ۋەسىل ئوخشاش ئىكەن بۇندا،
ۋۇجۇدلار ئوتتا تەك كۆيگەچ، ئەلەم چىن مات، ئېلىپ كەلدىم.

ھىلال مەڭزىدىكى خالدەك ئىكەن بۇ يۇرت، ئەجەب بەرنا،
ماڭا بەردى مۇھەببەتتىن يېشىل قانات، ئېلىپ كەلدىم.

قانات نەدۇر، كۇلۇپ كۆڭلۇم سائادەت دىلبىرىن ئۇپتى،
يەنە بەردى بوۋاقىغا يېشىل ھايات، ئېلىپ كەلدىم.

باراۋەرلىك، ئىجاد ئىشقى، ئىناقلىق روھقا ھامىيدۇر،
ئەبەد بولسۇن نادامەت، غەم، ئازاب بەرباد، ئېلىپ كەلدىم!

**45**

ئىشق تەڭپۇڭلۇقى يۇتكەن كېچە شەرتىڭگە يار كۆندۇم،
ۋۇجۇدۇم چىرمىغان ۋەسلى زامان دەردىڭگە يار كۆندۇم.

ھىيلە ـ نەيرەڭلىرىڭ بىلمەي كۆڭۈل بەرگەنلىرىم ۋاي، داد!
چۇشەنگەن چاغدا نەيلەيمەن، سوكال قەستىڭگە يار كۆندۇم.

كۆرەڭلىك چىقتى باشىمغا، غېمىم ئېيتاي قۇياشىمغا،
سېزىمسىز تاش كەبى جۇتلۇق پىغان بەستىڭگە يار كۆندۇم.

ۋاپا داستانىنى يازماق ئەجەب بىر توختىدى تەسكە،
تۇتۇن چىقتى بېشىمدىن مىڭ «ۋىسال ـ قەدرىڭ» گە يار كۆندۇم.

ئىچىمگە چۈشتى ئۇن ـ زارىم، تاپاندا قالدى قۇت ـ ئارىم،
بېغىشلانسىمۇ جان ـ بارىم، سوغۇق ئەپتىڭگە يار كۆندۈم.

چىكەڭگە گۈل تاقايمەن دەپ تاپانغا ئوت قالاپ ئۆتتۈڭ،
پاخال كۆۋرۈك بىلەن قاتناپ ساختا ئەھدىڭگە يار كۆندۈم.

بوۋاقى مىڭ نادامەتتە قاراپ كەلدى تاراملارغا،
ئامالىم يوق ئىكەن زىنھار، ناھات رەستىڭگە يار كۆندۈم.

**46**

بىر ـ بىرىنىڭ كۆزىنى ئويۇشىدۇ نادانلار،
تولۇمچىلاپ بىكاردىن سويۇشىدۇ نادانلار.

ئەجدادىنى ئۇنتۇشۇپ، كىچە ـ كۈندۈز قۇترۇشۇپ،
كىم ئالدىدا، يامان پۇت قويۇشىدۇ نادانلار.

پىتنە ـ ئىغۋا تېرىشىپ، ھەسەت تۇغۇپ، قېرىشىپ،
ئالدىدا دىل يۈزىنى بويۇشىدۇ نادانلار.

تۇخۇمغا تۈك ئۇندۇرۇپ، غەيۋەتتىن جان كۆلدۈرۈپ،
مەردنى ئوڭدا قويماقنىڭ قەستىدە شۇ نادانلار.

ئېتىلگەندە يوللىرى، قان بولغاندا قوللىرى،
ئاھ ـ زار قىلىپ ئەلمەدە يۈيىشىدۇ نادانلار.

دەسسىگەندە تىكەنگە، ئوت كەتكەندە يىكەنگە،
لەۋلىرىنى قاسىشىپ تويۇشىدۇ نادانلار.

ھەزەر ئەيلە بوۋاقى، نادانلاردىن بىر ئۆمۈر،
پىننە چاغلىق لوقمىغا ئۈيۈشىدۇ نادانلار!

**47**

ئېقىنىدا پەسلىكنىڭ ئېقىشىدۇ نادانلار،
ئۆسەڭ تاپسا قۇلىقىن يېقىشىدۇ نادانلار.

ئەركەكلەرنى كۆرەلمەي، يا ئادەمدەك تۆرەلمەي،
ۋۇجۇدىغا نەس داغمال يېقىشىدۇ نادانلار.

ئالىم بولسا باغرى قان، زالىم ئۇپسا ھاياجان،
پىنھانلاردا كۆزلىرىن بېقىشىدۇ نادانلار.

ئۆزى نەدە قالغاننى، دىتقا نېمە ئالغاننى،
بىلەلمەستىن گۈل باشقا چىقىشىدۇ نادانلار.

سۆڭەك تاپقان ئىت بولۇپ، قان شورىغان پىت بولۇپ،
جان باقماقچۇن ياقىلار سىقىشىدۇ نادانلار.

ئۇنداقلارنىڭ دىلىدا گويا دوزاخ ئوتى بار،
گويا ئەۋرەز سۈيىنىڭ ئېقىشىدۇ نادانلار.

ئەي بوۋاقى، گۈمبىزىن گۈم قىلمىساڭ ئۇلارنىڭ،
سىنى گاھ ئىت ـ ئېشەككە چىقىشىدۇ نادانلار...!

**48**

چۈشۈم ئوكيانىدا بۇركۈت كەبى پەرۋازغا ئايلاندىم،
ئۈپۈپ دىلبەر ئاياغىنى يېشىل رەڭ يازغا ئايلاندىم.

ئىشق سەھراسىدىن يانغان ساباھلاردىن سوراپ يارنى،
قانات مەپتۇنلۇقى شىبقاب نېتەي، شاش غازغا ئايلاندىم.

ئەجەب رۇجەكلىرىڭ جىمجىت سۇبھىدەمدە تىنەپ بارسام،
چېكىپ ئويغاتمىقىم مۇشكۇل، لاتاپەت نازغا ئايلاندىم.

ۋۇجۇدۇم كۆيدى ئۇن - تىنسىز قىياس ئوچاقىدا بۇدەم،
تۇتەپ پۇتتۇم مالامەتتە، تېزەك يا مازغا ئايلاندىم.

غورۇرۇم كەلدى گاھ ئۇستۇن، تۇگۇلدى مۇشتلىرىم خوپ چىڭ،
چاقاي دەپ ئەيىنىكىڭ بارىم، يامان ئەلپازغا ئايلاندىم.

يىراقتىن توۋلىدىم ناخشا، ئىكەنسەن شۇ قەدەر ئاقسا،
سېلىپ شەيتان مىڭ ۋەسۋەسە، يۇرەكلىك تازغا ئايلاندىم.

يامان كۇنلەرگە قالغاندەك ئۇنۇم چۇشتى ئىچىمگە شاد،
چېلىنماي تاشلىنىپ قالغان تۇزۇكسىز سازغا ئايلاندىم.

بوۋاقى، ئۇندىمەي كەتتى، يېرىم مۇرادىغا يەتتى،
سۇكۇت مەنزىلنى كۆرسەتتى، جاھاندا ئازغا ئايلاندىم...

**49**

ھالاللىق پەخرى ئىمكانى بىلەن زەر تاڭنى كۆرسەتتىڭ،
نەتاڭكى، جاننى رام ئەيلەر ئالامەت ئاڭنى كۆرسەتتىڭ.

قۇيۇچنى قىزىتىپ ئوتتا، سۇغارغاندەك سوغۇق سۇدا،
ئەجەب تاۋلاپ، تەرەھھۇمدا يېشىل ئارشاڭنى كۆرسەتتىڭ.

دېسەڭ: «باغرىڭ رەقىبلەرگە نېتەي قاتتىق، ئېيت، دىلبەر...!»
ئىرادەمگە ۋەكىلدۇر دەپ يوغان بىر قاڭنى كۆرسەتتىڭ.

«مۇھەببەتسىز يۈرەك قانداق ياشايدۇ بۇ جاھان ئىچرە؟...»
قورساقتىن باشقىنى بىلمەس بىر ئىت ـ سالتاڭنى كۆرسەتتىڭ.

يەنە ئوت ئالدى مەجنۇنلۇق ۋۇجۇدۇم ئېتىكابىدا،
«جاھان غەۋغاسىدىن خالىي ياشا» دەپ پاڭنى كۆرسەتتىڭ.

جۇدۇندا تىترىسەم لاغ ـ لاغ بولۇپ نەۋدەك گۈزەل، خۇشچاغ،
قۇچاقىڭدىن نەپەس ئالغان لال گۈلخان كاڭنى كۆرسەتتىڭ.

بوۋاقى، بەختىيارلىققا چۆكۈپ بارىنى شاد ئەتتىڭ،
«يېتەيلى چىن ۋىسالغا...!» دەپ ئامەت هارۋاڭنى كۆرسەتتىڭ...!

**50**

تەبەسسۇم مۈزلىغان دەمدە خىيالەت غارىدا يۈردۈم،
لىۋىمنى چىشلىبان هەر تاڭ ساتارىم تارىدا يۈردۈم.

ۋۇجۇدۇم تاۋلىدى هىجران، تېنىم بولغاندىمۇ نىمجان،
قىچىشقان يەرلەر يار كەتتى، ئەقىدە ـ ئارىدا يۈردۈم.

تۆكۈلدى ياشلىرىم تال ـ تال، يىكەندەك تىترىدىم غال ـ غال،
ئازابكەن ئەسلىدىن ئابدال، ئىشق ئەغيارىدا يۈردۈم.

ۋىسالگاهلار ئارا روهىم شاراب مەڭزىدىكى خالدۇر،
تۇتەپ باغرىمدىكى يالقۇن، گويا ئوت شارىدا يۈردۈم.

ئىدىم دەۋرانە زەر ئاشىق، ئىشق مەقسىتىگە سادىق،
ئەجەب بولدۇم نادان ناتىق، نادامەت دارىدا يۇردۇم.

پىغانلار ئەۋجىدە، شىقاب ۋۇجۇدۇم قانۇ قان ئەتتى،
ئۆزۈمنىڭ ئىختىيارى يوق، دىلبەر قارارىدا يۇردۇم.

چۇۋۇلغان كەپىدە يۇردۇم، كېرەكسىز مەپىدەك يۇردۇم،
گۇمان قاپلاپ يۇرەكىمنى تەڭلىك ھەم ئارىدا يۇردۇم.

بوۋاقى دەيدۇ: «ئەي دىلبەر، بولار نازىنىڭ، ئۇچى ـ چېكى،
قوبۇل قىل ئېھتىرامىمنى» جامالىڭ كارىدا يۇردۇم...!

**51**

چىشلىرىنى كۆرسىتىپ كۈلگەن گۈزەللەر يار ئەمەس،
بولمىسا ئىشقى يۇرەكتە چىن ھاياتتا بار ئەمەس.

تۇرمىسا ياڭراپ مۇقامنىڭ ئەۋجىگاھى ئىلكىدە،
پارقىراپ تۇرغان بىلەن سىملار تامامى تار ئەمەس.

ئېتىقادى، ئىشتىياقى، زەر ئۇمىدى بولمىسا،
جىلۋە بىرلە كۆكلىمەس روھ، ئۇ يۇرەككە پار ئەمەس.

سۆيگۈنى مەشئۇم بىلىپ ئەتسە كىم مەڭگۇ دىلغا جا،
ئىككى ئالەم ئىلكىدە پەيكارى جانى خار ئەمەس.

ئېھتىرام گۈلدەستىسى قولدا پەۋەس تۇرغان بىلەن،
مۇزلىسا روھى ۋۇجۇدى تائەبەد خار ـ زار ئەمەس.

ھىيلىدىن پۈتمەيدۇ ئاشىقنىڭ جاسارەتلىك كۆيى،
دىل دېگەن ئاتەش ئوچاق، پۈۋلەيدىغانغا شار ئەمەس.

ئەي بوۋاقى، قىل قەسەم: «يارىمغا سادىق ـ دەپ ئەبەد...!»
ئۆرۈسەڭ يۈز ناگىھان روھىڭدا بارى ئار ئەمەس...!

**52**

ئاقمىسا ئاتەش تومۇردا، شوخلۇقى نە قان ئەمەس،
قان نېمە، ئوتلۇق ۋۇجۇدتا قىسمىتى زەر جان ئەمەس.

ئاقمىسا زۆھرەنى دەپ تاھىر كەبى دەريادا شاد،
جان نېمە، جانان دىلىدا ئىشقى فونتان شان ئەمەس.

كەۋسەرۇ شەربەت ئىچىپ ئادەم بەختلىك بولمىغاي،
شان نېمە، زەرداب يۈرەككە ياۋ ئەبەدىي خان ئەمەس.

تاپمىسا ئىشقى باراۋەرلىك نىجات جۇپ دىل ئارا،
خان نېمە، دۇر قاينىغان، پۈتمەيدىغان زور كان ئەمەس.

روھ ئېراسىدا غېرىبلىق سالمىسا چۇقان ئەگەر،
پۈتكىنىڭ مىڭبىر كېچە ـ كۈندۈز ھامان داستان ئەمەس.

ئاشىقى سەۋدايىمەن دەپ سالما جار بوۋاقى سەن،
كۈي دېگەن تووۋلاپ ساتارغا دان ئەمەس ھەم نان ئەمەس!

تەلۋە مەشرەپ كەتتى ئالەمدىن ساتارغا يۈزلىنىپ،
ئاشىقى بولسا جۇدا كۈيىدىن ئەبەد دەۋران ئەمەس...!

## 53

ئەي بوۋاقى، ئۆرتىمە جان، سەن جاھاندا تاق ئەمەس،
قارا سۇركەپ پۇۋلىگەنلەر ئىككى ئالەم ئاق ئەمەس.

ئاشىقى سەۋدايىسەن، ۋەسلىڭ تامان غەۋغايىسەن،
زەر يېشىل ئۈز غايىسەن، يىرتىق ـ ياماق پايپاق ئەمەس.

قارچۇقۇڭدا چاقنىغان ئىشقى ھارارەتلىك قۇياش،
ئايرىلىپ قالسا يۈرەك ئۇندىن ئەبەد خۇشۋاق ئەمەس.

يارى بىرلە تاشتا ياتساڭمۇ بىلىنمەس ئاغرىقى،
چۈنكى ئەلا ئوردىدىن، ئالتۇن سېلىنجا، داق ئەمەس.

ھىجرى مەستخۇشلۇق دىلىڭنى ئەتسىمۇ ۋەيلۇن دوزاخ،
سانىما سۇبھىدە يۇلتۇز، ئوتلۇق يۈرەك، كۆر، قاق ئەمەس.

بۇلبۇلى نەۋ ـ قۇت بىلەن گۇل تۇۋىدە بىھوش ئەنە،
بۇ نادامەت ئىككى ئالەم بارچە زەر ئورتاق ئەمەس...!

## 54

جامى ۋەھدەتىدە قۇتلۇق شاراب ئىچتىم،
ئىچىمگە سىغمىغاچ ۋەيلۇن ئازاب ئىچتىم.

مەغەننىي كۈيىدەك سۇبھى ـ سەنەملەرگە،
كېچە بەرىكەتىدىن ئۆتتۇم تاراب ئىچتىم.

ئىرادەم نەغمىسى مېھرى جۇلا بەرسە،
چېلىپ تاشۋاي كەبى دەردلىك راۋاب ئىچتىم.

كىرىپ مەيخانىگە ھەييام ئىزىدىن شاد،
نېتەي، بولغانچە ھالىم خۇي خاراب ئىچتىم.

قىيامەت بولمىدى قايىم، گۈزەل ئايىم،
ئىكەنمەن ئەسلىدىن «سايىم» سوراپ ئىچتىم.

دىلىمدا چاقنىدى ھىجران قۇياش يەڭلىغ،
ئەجەبكىم، ساقىيغا بەردەم ياراپ ئىچتىم.

«بوۋاقى، مەي بىلەن پۈتمەس كېمى روھنىڭ...!»
دېگەن ۋەھىي كېلىپ كۆكتىن، ساۋاب ئىچتىم.

سەھەر گۈلشەندە بۇلبۇل مىسال بىھوش،
قىلالماي سوئالىغا بىر جاۋاب، ئىچتىم...!

**55**

تاپالماي ئاقچى، قىسمەتتىن سوراپ ئىچتىم،
لېۋىمنى چىشلىدىم قان ـ قان، شوراپ ئىچتىم.

چىدالماي باقىي ھىجراننىڭ ئازابىغا،
ئەجەب ئىش، ساقىينى ھەريان توراپ ئىچتىم.

قېتىپ مۇزدەك گويا ۋەھدەت ئېراسىدا،
ئەلەمدىن مىڭ موخوركامنى ئوراپ ئىچتىم.

قاراپ جام تەكتىگە ئىشقىم بىلەن جىمجىت،
مىسال يارغا يولۇققاندەك پۈراپ ئىچتىم.

بوۋاقى، تاپمىدى ۋەسلى ـ ئاراملىقنى،
دېدى: «ئىچسەممۇ ھەر تاڭ غۇدۇراپ ئىچتىم...»

**56**

جامى ۋەھدەتتە ئىچتىم شارابنى،
'تاپاي دەپ باقىي ئىشقى ساۋابنى.

«ئىشىكىڭگە كەلدىم، دەپ شەيدۇلىللا»[1]،
ۋۇجۇدۇم بىلەن چېلىپ راۋابنى.

نەغمەمگە تەڭكەش تېپىلمىغاندەك،
ھەتتا شاياتۇن چالدىغۇ داپنى.

كۆرمىدى ھېچكىم ئىككى جاھاندا،
مەندەك بىپەرۋا، روھى خارابنى.

رەڭدار شەپەقتىن ئىزدىدىم ۋىسال،
ئىزىپ باغىمدا ھىجران ـ ئازابنى.

ئازاب شەربىتى كۆكلەتتى دەريا،
بىگىز تېشىپلا چىققاندەك قاپنى.

بوۋاقى، جاندىن كەچمەككە ھەقدا،
كېلەمسەن يا يوق، بەرگىن جاۋابنى!

---

① مەشرەپ غەزىلىدىن ئېلىنغان.

## 57

ماڭا كىم ئەيلىدى نۇسرەت، ئېسىل بىر جانغا ئۇلاشتىم،
قۇياشقا يۈزلىنىپ مەغرۇر بۈيۈك ئىمكانغا ئۇلاشتىم.

تەبەسسۇم رەڭلىرى ئىشقىم بالا دەشتىنى كۆلدۈردى،
ئۆتۈپ ھىجران داۋانىدىن، يېشىل جانانغا ئۇلاشتىم.

خەيرلىك ئىش خەتەرلىكمۇ، دىلى ئاشىقنىڭ زەرلىكمۇ،
دىلىستانىم ئېراسىدا ئەبەدلىك خانغا ئۇلاشتىم.

زەپەر تەختىمدە بۇلبۇلنىڭ ئۈنى كۆيدى ھارارەتتىن،
قەسىدە پۈتتى مەشۇق شاد، نۇرانە شانغا ئۇلاشتىم.

غەزەللەرنىڭ پايانى يوق، گۈزەللەرنىڭ بايانى ھەم،
ئۆزۈمدىن ھالقىغان ئاخشام ئاجايىپ كانغا ئۇلاشتىم.

گۈلىستان باغرىدا يۈردۈم، مۇھەببەت پەيزىنى سۈردۈم،
قەسىر ئايۋانلىرىمدا نەۋ، ئۇلۇغ دەۋرانغا ئۇلاشتىم.

قانائەت تاپمىدى زىنھار بوۋاقى بۇ غەنىمەتتىن،
رىزالىق ئىزدىدى ئىشقى، گېنى چىن دانغا ئۇلاشتىم...

## 58

بىر غېرىب كۆڭلىنى يالقۇن ئۇپسا ئالەم كۆيگىسى،
شۇ غېرىبنىڭ ئىشقىدا ھەتتاكى لالەم كۆيگىسى.

جامىنى روھ چاقسا بىر تۈن، سىر بولۇپ قالسا تۈگۈن،
چاڭقىشى پۈتكەن ئادالەت نەھرىدە رەم كۆيگىسى.

كۆي ئۈچۈن ئىچسە شاراب، ساقىي بولۇپ مەشرەپ خاراب،
ھەسرىتى جانغا تاراپ غېرىب پىيالەم كۆيگىسى.

رەھنىمالىق ئىلكىدە ئىشقىم پەرىشاندۇر پەۋەس،
روھى تەقۋالىق ئارا پۈتمىش رىسالەم كۆيگىسى.

جان تونۇردا تولغىنار بىر قىل كەبى، مەنزىل كەبى،
ھەقكى، پىژ - پىژ دىل كەبى، ئۆكسۈپ ئازاب غەم كۆيگىسى.

ئەي بوۋاقى، ناتىۋانلىق پەخرى تەختىگدە قۇياش،
كۆيگىنىڭ كەتمەس بىكار، دەۋراندا يار ھەم كۆيگىسى.

كۆيمىگەنلەر، سۆيمىگەنلەر ئىككى ئالەمدە غېرىب،
كائىناتتىن تاشقىرى كۈچ كۆزلىرى غەم كۆيگىسى...!

**59**

ئېقىپ تاھىر كەبى سۇدا يېشىل زەر سالغا ئۇلاشتىم،
نە سالكى، باغرى گۈل، ئىشقى تۇمەن ئىقبالغا ئۇلاشتىم.

ئۆزگەرمەس يۆنىلىشى سۇنىڭ، كۈيى پۈتمەيدۇ ئاققۇنىڭ،
دىلىم چاڭقاقلىقى تۇتقان سەھەر چىن بالغا ئۇلاشتىم.

قەيس باغرىمدىكى يالقۇن كۆرۈپ گويا بىھوش بولدى،
پىغان ئەۋجىپ، كۆيۈك پۈتكەن چېغى ئۇز خالغا ئۇلاشتىم.

تىرىكلىك ئېھتىرامىدا ۋىسال مەيخانىسى ئىچرە،
ئاھ، مەندىن بەش - بەتەر شائىر مەشرەپ قاقشالغا ئۇلاشتىم.

ساتار يىغلاتتى ئالەمنى، پاتۇردى ئۆيغا ئادەمنى،
بىر پەسال ئۇنتۇدۇم غەمنى، ئاجايىپ دالغا ئۇلاشتىم.

بوۋاقى، قىلمىدى پۇشمان ئەجەب ئاشىقى بولغانغا،
ئۈمىدتىن رەڭلىنىپ دۇنيا بېقىپ شاد ئالغا، ئۇلاشتىم...!

**60**

ئىرادەتتە ئىشق سۇبھىسىدە زەر ھالغا ئۇلاشتىم،
نە ھال، چۇش لەڭگىرى ئۇپقان يېشىل جامالغا ئۇلاشتىم.

يۈرەككە «لاپ» قىلىپ يالقۇن تۇتاشتى، جىم بولۇپ قالدى،
شۇنىڭدىن سۆگرە جان تەسلىم، ئەجەب قامالغا ئۇلاشتىم.

ماڭا يار مەيلىنى بەرمەي، ناھەقكى خەيلىنى بەردى،
پىغانكەش پەيلىنى بەردى، دېدىم: «جەددالغا ئۇلاشتىم...!»

سادا كەلدى يىراقلاردىن: «بوۋاقى، ئوت پىراقلاردىن،
دىلىڭ چاقنار چىراغلاردىن، دېگىن ئىقبالغا ئۇلاشتىم...»

يەنە ئوت ئالدى مەيخورلۇق، قوقاسقا سالدى مەيخورلۇق،
ھەلقۇمدىن ئالدى مەيخورلۇق، بەلكىم زاۋالغا ئۇلاشتىم.

قۇياشقا تەلمۈرۈپ باقتىم، ئىشق سەھراسىدا ئاقتىم،
چاشگاھتىن ناشتىسىز ئۆتتۇم، شام بىرلە بالغا ئۇلاشتىم.

غېرىبلىق بەك يامان تۇندە، قاچان ئاشىق ئامان تۇندە،
دىلىم نۇرلاندى بىر پەستە، ۋىسال گۇل، خالغا ئۇلاشتىم.

## 61

تولغىنىمەن تۈن ئارا باغرىمدا شام كۆيگەندەك،
شاراب ئىشقى ياراتقان تامامى جام كۆيگەندەك.

ئۆيۈلمەن ئۆزۈمدىن، سۆز، كۆز، ھەتتا بۆزۈمدىن،
چەرخىي پايان ئىلكىدە زەر ئېھتىرام كۆيگەندەك.

ياپراقلارنىڭ يىلتىزى يوقكەن، تامام تۆكۈلدى،
بەتلىرىدە تارىخنىڭ بولدۇم ئات ـ نام كۆيگەندەك.

گۈللەر توزۇپ ئۇششىدى، ۋۇجۇدلاردا يوق ھىدى،
ئۆڭدۈم، ھىجران باغرىدا روھ بىر كاپام كۆيگەندەك.

شاھ مەشرەپكە ئەگەشتىم، ھىرقىتى بىلەن تەگەشتىم،
بولدى ھەر يان بىر پەستە پىششىقۇ ـ خام كۆيگەندەك.

نەۋايىنىڭ دەستۇرى يول كۆرسەتتى ئاقىۋەت،
نادانلار تاڭ قېلىشتى، ۋەيرانە تام كۆيگەندەك.

ئوتتا كۆيۈپ تاۋلانغاچ سەمەندەردەك بوۋاقى،
پىچىرلىدى : «بۇ ئوتمۇ تېخى سەل كام كۆيگەندەك...»

## 62

تېنىمدە ئاق لىباسىڭ بار، ئەبەد ئاققۇغا ئوخشاتتىم،
تىلىمدىن تامغىنى زەمزەم ـ كەۋسەر، بال سۇغا ئوخشاتتىم.

قېنىمدا ئېتىقادىڭ بار، گېنىمدا زەر قاناتىڭ بار،
دىلىمدا ئۇز ھاياتىڭ بار، يوقالغان نۇرغا ئوخشاتتىم.

ئەجەب ماختايدۇ ھەر كىملەر، تىلى قايماق مۇنەججىملەر،
ماڭا ھەم كۆز قىسىپ جىملەر، شۇ دەم «ھە ـ ھۇغا...!» ئوخشاتتىم.

رەقىبلەر چاينىشىپ تاشنى، تېنىڭگە ياقتى ئوتقاشنى،
بىراقلا باغلىدى باشنى، ئۇنى كۇكۇغا ئوخشاتتىم.

بوۋاقى، يۇردى كەينىڭدىن سەھەر ـ ئاخشام ۋىسال ئىزدەپ،
پۇشايمان يىگىنى يوقتۇر، بىراق ئۇ ـ بۇ ئوخشاتتىم.

63

كۆزۇڭدىن ئاققىنى يامغۇر ئەمەس يار، بالغا ئوخشاتتىم،
سېنىڭ ئالدىڭدا بارىمنى تامام قاقشالغا ئوخشاتتىم.

نامايان بولمىغان ئىشقىم بىلەن روھىڭنى ئوۋلايمەن،
تىنىمسىز ناخشا توۋلايمەن، كارىڭ نە ئالغا ئوخشاتتىم.

كۇيۇمدە مىڭ سەمەندەرنىڭ سىماسى زاھىرەن بولدى،
سېنى زەۋق بىرلە كۆيگەن ئوت لىۋىدە خالغا ئوخشاتتىم.

ئەزىم ئىشقىم بىلەن ھەر تاڭ قۇياشقا باش ئېگىپ تۇرسام،
ئۇرۇپ مەيدەڭگە يول ئالدىڭ، دوزاختا مالغا ئوخشاتتىم.

يىگىت بەرنالىقى ئۆتكەن شۇ كۇندىن رەنجىدى كۆڭلۇم،
ھىجىر دەرىخىدىن تىلغان نېپىز، تۇز شالغا ئوخشاتتىم.

جامالىڭ تەخسىراتىدىن ئۆزۇمنى تاپمىقىم مۇشكۇل،
راباتىم جاۋغىيىدا قان، كېرەكسىز سالغا ئوخشاتتىم.

بوۋاقى، مىلڭ چىداپ كەلدى، بولۇپ دوستى كىتاب كەلدى،
كۆزۈڭ تويسا غېمىڭ يوقتۇر، تېنى قان بالغا ئوخشاتتىم.

**64**

ۋىسالگاھىڭ ئارا دىلنى ئۇچار دۇلدۇلغا ئوخشاتتىم،
مېنىڭ بىچارە ئەپتىمنى يېتىم بىر قۇلغا ئوخشاتتىم.

قىرقىلغاندەك پېيىم بىر ـ بىر، كۆزۈم قان، تىترىدىم دىر ـ دىر،
ئىماگلار زەپ بىكار بولدى، يىرتىلغان پۇلغا ئوخشاتتىم.

«سەبىرنىڭ ئاستى ئالتۇن» دەپ بىر ھېكمەت بار ئىدى بىزدە،
ھىجىر بازغانىدا تامام تىنىم چۇل ـ چۇلغا ئوخشاتتىم.

ئىشق دەرياسىدا ئاقتىم، يولۇڭغا تەلمۈرۈپ باقتىم،
مەھەللەڭدە كويۇم بەرنا، تونۇم جۇلجۇلغا ئوخشاتتىم.

قاۋاپ كەتكەندە شۇم ئىتلار، قارا تەر باستى بەستىمنى،
دېرىزەڭدىن قاراپ باقتىم، قەبىھ ئۇسسۇلغا ئوخشاتتىم.

بوۋاقى،چەرخىي تەنھالىق بىلەن بارىڭنى خۇن قىلما،
مۇھەببەتنىڭ ئوتى ئۆچكەن ۋۇجۇدنى تۇلغا ئوخشاتتىم.

**65**

سەھەر ئەيىامىدا دىلبەر، گۇزەل ئەنقاغا ئوخشاتتىم،
بىراق دەۋرانە خۇشخۇي سەن، شۇڭا تەنھاغا ئوخشاتتىم.

ئەجەبكىم گۇل كەبى چېھرىڭ، بىراق دىل كۆرمىدى مېھرىڭ،
ۋە ياكى شۇمىدى سېھرىڭ، قۇرۇق دەرياغا ئوخشاتتىم.

نىگاھىڭدىن چاراقلاپ ئوق ياغمىدى ئوت ۋۇجۇدۇمغا،
نېتەي، ئارقاڭدىن پايپاسلاپ، ئۆزۈمنى ياغا ئوخشاتتىم.

ئىرادەڭ شۇمىدى زادى، قاياقتىندۇر كۆڭۈل شادى؟
دىلىمغا داغى ـ ھىجران يار، ۋەدەڭ نە جاغا ئوخشاتتىم.

مېنى چاغلايسەن قۇيرۇقچى، شۇڭا ھەر ياڭزا بۇيرۇقچى،
جاھانغا سىغمىدى ھەسرەت، دىلى ناكاغا ئوخشاتتىم.

ساڭا ھەر كىملەر ئۇچراشسا باساركەن نەس جۇپ ئالەمدە،
بوۋاقى دەر: «بۇ قىسمەتنى ھەزىل دەۋاغا ئوخشاتتىم...»

**66**

ۋىسالىڭ دىلغا جا ئەيلەپ، ياشاپ چىن، چالغا ئايلاندىم،
ئېقىپ ھەسرەت توپانىدا، چۇۋۇلغان سالغا ئايلاندىم.

ئەجەب ھەيۋەتتە باقتىڭسەن، يوچۇن بىر ئوتنى ياقتىڭسەن،
غەلەت چاقماقمۇ چاقتىڭسەن ھەم ساختا خالغا ئايلاندىم.

كىشى بىلمەيدىكەن زادى قەدىر ـ قىممىتىنى تىپ ـ تىنچ،
ئىگىلگەنچە قېچىپ يۇردۇڭ، سۇنۇق بىر تالغا ئايلاندىم.

ئېنىڭنى ئەتمىدىم بېھىش، قولۇڭدا يوق ئىكەن ھېچ ئىش،
مېكىر ئەييامىدا باقماق ئۇچۇن جان، مالغا ئايلاندىم.

قىرىق مىڭ ھىيلە ـ نەيرەڭدىن توقۇپ ئەسكى تاغار ـ خۇرجۇن،
ئۇدۇم بەردىڭمىكىن دىلغا، تويۇش يوق گالغا ئايلاندىم.

گېلىمدىن ئۆزگىنى ئويلانغۇدەك ھالىممۇ يوق بۇندا،
رىسالەم نالە ـ ئەپغاندا، قۇرۇق قاقشالغا ئايلاندىم.

بوۋاقى، روھىي مەھكۇملۇق ئارا باغرىنى قان ئەيلەر،
ئۆزۈمدىن ئىزدىسەم بارنى، بىر سۇبھى بالغا ئايلاندىم...!

**67**

تىلەپ دىلبەر ئىلاھىمدىن، بىر ناكەس دامىغا چۈشتۈم،
بىھوش بولغان چىۋىن يەڭلىغ زەھەرلىق جامىغا چۈشتۈم.

ئەجەب تەلپۈنگىنىم نەدۇر، قىلىقلانسا سەھەرلەردە،
چۈشەنگەن چاغدا بىلدىمكى، مىكىر ئەييامىغا چۈشتۈم.

ىىراقلا جىلۋىسى ئۆچتى، قۇياشلىق كۆلكىسى كۆچتى،
ئىشى بولدى مېنى ۋەيرانە كۆرسەتمەك، ئامىغا، چۈشتۈم.

ئاۋۋالقى شوخ، لەۋەن سۆزلەر، يېقىن دىلغا بەلەن كۆزلەر،
گويا كاچكۇلدىكى مۇزدەك، دېدىم: «جىن دامىغا چۈشتۈم...!»

كېتەر بولسام ئېلىپ باشىم، دېدى : «دىلدا قۇياشىم جىم...!»
كېتىپ قالسام تېگەرمىش داغ، ئۇنىڭ نەس نامىغا چۈشتۈم.

ئىشق تاۋكاسىغا ئاتتى، مېنى بىر چاغ ھوشۇق ئەيلەپ،
«يامان بولدى دېدىم زەرداب ھەم دەتتىكامىغا چۈشتۈم...!»

بوۋاقى، بۇ كەبى كۆلپەت بىلەن كۆن ئالغىلى نەۋاق،
تىلەپ دىلبەر سەھەرۇ كەچ، بىر ناكەس دامىغا چۈشتۈم.

**68**

چاغلاپ دوست ئىككى ئالەملىك، رەقىب ـ ياۋ قولىغا چۈشتۈم،
دىلىمنى ئەيلىبان قان ـ قان، نادامەت يولىغا چۈشتۈم.

تاپانلار يېرىلىپ دەشتى باياۋاندا ھىجىر ۋەجى،
گاھ ئوڭدىن ئىزدىسەم سۈنى ۋە گاھى سولىغا چۈشتۈم.

ئىدىم ئەقلىم بىلەن شەيتان بېشىغا دەسسىمەكچى شاد،
سەھەردە سىلكىدى ئۇ بىر، ئۆرۈپ ئاھ، دولىغا چۈشتۈم.

خىيالىم قالدى ھەلقۇمدىن، ئۈنۈپ تۈك گاھى تۈخۇمدىن،
قۇياش ئىزدەپ ناھاتكى، بىر سۈبھىدەم شولىغا چۈشتۈم.

ئىشىدىن كۆپكەن مىڭ ھەسسە،بۇنىڭدىن «داد...!» دېدىم دەردىلىك،
بوۋاقى، ئۆردى ئاھ، ئالەم ئارا پەس، لولىغا چۈشتۈم...!

**69**

باغرىم قان ـ قان ئەيلىدىم شاد يارنى دەپ،
دىل ـ ۋۇجۇدۇمدا ئەبەدىلىك بارنى دەپ.

نەپ كويىدا يۈرمىدىم ئىككى جاھان،
دىلدىكى يېشىل قۇياشىم ئارنى دەپ.

يۈردۈم ھەق مەشرەپ، نەۋايى... ئىزىدىن،
روھنى ئۆپقان ئىشقى مەغرۇر تارنى دەپ.

كەزگىنىم سەھرا ئەمەس، ۋەيلۇن دوزاخ،
ئوت ۋۇجۇدۇم ئەيلىگەن رام شارنى دەپ.

كەچكىنىڭ يالغانىدى كۆڭلى قارا،
بۇلبۇلىدىن ئۆرۈ بان يۈز، سارنى دەپ.

كەچمىدىمۇ ئېيت، ئۆزۈمدىن نەچچە رەت،
ئەي قارا يۈز، جانغا زالىم، دارنى دەپ!

ئەمدى نامەردلىك قىلىپ كەتتىڭمۇ شاد،
كارى ـ بارى ئەرزىمەس ئۇ زارنى دەپ؟

ساختىلىقتا ھېچنېمە كەلمەس بوۋاق،
كۆركى، قۇشلار كەلدى ئۈز باھارنى دەپ...

**70**

تەختىدىن گاھ غولىتار خاننى پىغان،
گاھىدا تىپتىنچ ئالار جاننى پىغان.

ئوينىتىپ ئازاب تۇغىنى باش ئارا،
دەريا ـ دەريا ئاققۇزار قاننى پىغان.

سورۇتار گاھى بورانغا شادىمان،
خارمىنىڭنى، مىڭ چېچىپ داننى پىغان.

گاھىدا ۋەيران قىلىپمۇ تاشلىغاي،
بىر ئۆمۈر سەن ياسىغان كاننى پىغان.

گاھىدا ئۆتكۈزمەيىن گالدىن تېخى،
شەربىتى ـ كەۋسەردۇر، گۆش ـ نانى... پىغان.

ئاشىقى سەۋدا بوۋاقى، كۆت لېكىن،
تاۋلىنىبان بەرگەي بۆيۈك شاننى پىغان!

**71**

«قاشتېشى ـ يۇ، قاشتېشى ـ يۇ، قاشتېشى»،[①]
سەن ئاۋامنىڭ تائابەدلىك سىر دىشى.

ساڭا سىڭگەن مىسلى شەبنەمدەك تېخى،
ھەم يورۇڭقاش بويىدا ئاشىق يېشى.

قارا چاچتەك قارا قاش دەرياسىدىن،
ئۆكسىمەيدۇ شۇ سەۋەب ئۇيغۇر ئىشى.

پاكلىقىڭدىن تەبىئەتنىڭ باغرى لال،
ساپلىقىڭدىن ئۇھسىنار جەننەت تېشى.

ساڭا كۆيگەن، سېنى سۆيگەن خار ئەمەس،
مېھنىتى دەرياسىنىڭ كۆكتە بېشى.

كۆر بوۋاقى، كۆڭلىنى بەردى قاچان،
مىسلى گۈلخان بولدى ئۇنىڭ ئىچ ـ تېشى.

سىغمىغاچ باغرىغا ئۇنىڭ شادلىقى،
ئۆرۈلۈپ چۈشكەيمۇ زەر ئارمان قېشى!

---

① بۇ مىسرا ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر شېئىرىدىن ئې...

## 72

ئەي ئىسىل، شاھانە، گەۋھەر قاشتېشى،
سەن ئوقۇمچان شاھى ئەسەر، قاشتېشى.

تارىدى سەندىن ئەسىرلەردىن بويى،
پاك ۋۇجۇدلارغا بۈيۈك زەر قاشتېشى.

چىقتى ھەتتا قات ـ قېتىڭدىن كۆز ئېچىپ،
مىسلى ئاتەشتەك سەمەندەر، قاشتېشى.

تۇرغىنىڭ بىرلە يەر ـ دەريا ئىلكىدە،
دىل كۆكىدە كۈلگەن ئەختەر، قاشتېشى.

سېنى ئالەمگە تونۇتتى تائەبەد،
ئەل تېنىدىن چاقنىدى تەر قاشتېشى.

سەن ساراي، ئوردا، قەسىرلەردە قۇياش،
ساڭا سىڭگەن خۇيىمىز قەيسەر، قاشتېشى.

ئەر، بوۋاقى، بىل ئۇ ۋىجدان بەلگىسى،
كۈيلە دىلدىن ھەم قۇچ زەپەر، قاشتېشى!

## 73

ئەي، مېنىڭ باغرىمدىكى جان، قاشتېشى،
سېنى كۈيلەپ پۈتتۇم داستان قاشتېشى.

دىل ـ ۋۇجۇدۇمدىن ئەجەب نۇر چاقنىدى،
ئاچقىنىدەك كۆز شەبىستان، قاشتېشى.

زاتىمىز بولغاچ ئەقىلنىڭ كامىلى،
سەن ئېقىن ئاستىدىكى كان، قاشتېشى.

كان نېمە، مېھنەتتە تاۋلاپ، چەشلىگەن،
ئىككى دۇنيا يەتكىدەك دان، قاشتېشى.

دان نېمە، ئەر كۆركى مېھنەت كۆكىدە،
چاينىسىلا بولىدىغان نان قاشتېشى.

بىل، ئېلىپ كەلدى ساڭا ئاتەش يۈرەك،
بۇ ئۇلۇغ ئەل زەر شەرەپشان، قاشتېشى.

بۇ بوۋاقى دەيدۇ: «دىلنىڭ دىلكىشى،
تەڭدىشى يوق بەرنا جانان، قاشتېشى...!»

**74**

ئاشىقىغا ياردىن ھەسرەتۇ ھىجران بەك يامان،
دەرد ـ ئەلەملەر ۋەجىدىن يىغلايدۇ مىڭ جان بەك يامان.

جان نىجاتلىق ئىلكىدە ئىگراپ ۋىسال ـ قۇت ئىزدىسە،
دىل ئېتىزىغا ئەلەمدىن تۆكۈلگەن زەرداپ بەك يامان.

كۆرگۈلۈك كەپتۇ بېشىمغا، نەيلەيىن دەپ يىغلىدىم،
ۋا دەرىغ بىلمىدىم، غەمدىن پۈتەر داستان بەك يامان.

يايرىدىم، بەختىم يىراق، تەختىم پىراق، يوقتۇر چىراغ،
بولمىدىم يا چىن شىراق، ئىشقى شەرەپشان بەك يامان.

تاھىرى، پەرھاد... دېدىم، ئەسلىي توسۇنسىز ئات ئىدىم،
ئۆپقىنىم بولدى ئازاب ساپ، بۇندا ئىمكان بەك يامان.

دىل بېغىمدا باقىي سەۋدالىق قۇشى نەغمە قىلار،
روھ دېدى: «بىلگىن بوۋاقى، بەرنا ۋىجدان بەك يامان...!»

**75**

قۇرۇق گەپنى راسا قىلغان بىلەن دىلدىن ۋاپايىڭ يوق،
چۇشەنمەيسەن ساداقەتنى، سەبىر ـ تاقەت، ساپايىڭ يوق.

كىشىگە شادلىقىڭ باردۇر، ماڭا بەكمۇ كۆڭۈل تاردۇر،
شۇڭا غەپلەت ساڭا پاردۇر، دىلىمدا زەررە جايىڭ يوق.

توسۇن تايدەك پالاقلايسەن، ئىچىڭ قوتۇر، شالاقلايسەن،
بىراق، ئۆزۈڭنى ئاقلايسەن، شەرەپشان، ئىشقى ئايىڭ يوق.

مېنى ئەخلەتۇ خەس كۆردۈڭ ۋە يا ئۇندىنمۇ پەس كۆردۈڭ،
گويا تاپتىنمۇ نەس كۆردۈڭ، قاراپ باق، قىبلىگاھىڭ يوق.

ئۆزۈڭنى ئاققۇدەك بەرنا، مەلىكە چاغلىغان بىرلە،
دىلىستانىڭ غېرىبانە، ئاڭا ھامىي ھەم شاھىڭ يوق.

قىيامەت بولسىمۇ قايىم، ئەمەسمەن تەندىكى «سايىم»،
ئەجەبكىم، مەدىكار بولسام سېنىڭ ھېچبىر جاپايىڭ يوق.

بوۋاقى، قەد كېرىپ كەلدى، دىلىنى مىڭ يېرىپ كەلدى،
دىلىغا دەرد تېرىپ كەلدى، ئەجەب «ئازا ـ ئاپايىڭ» يوق...

## 76

بويسۇنمەن قەلبىمنىڭ چاقىرىقىغا تائەبەد،
قۇياش كەبى جىلۋىدار شۇندا ئوتلۇق مۇھەببەت.

شەپەق ئوينار دىللاردا، داستان بولۇپ تىللاردا،
ياشنار سۆيگۈ يىللاردا، ئۇچار كۆڭۈل يار سەنئەت.

تالاپەتلەر تەقدىرنىڭ قىسمىتىگە بىر ئەر تەن،
پۈتەر شائىر دىلىدا تۈمەنلىگەن يېشىل خەت.

گۈلزارلىققا ئوخشايدۇ، ئۇندا شوخ كۈن تىنمايدۇ،
ھەر تىنىقتىن ياسىلار گۈللەيدىغان گۈزەل بەت.

شاراب شائىر دىلىنىڭ ھۆزۈرىدىن ئايلىنار،
بىرلەھزە كۈي ئىشقىدا قۇتلىنىدۇ تۈمەن ئەت.

ئەي بوۋاقى، نەۋايى بەرگەن ئۇدۇم قەدىرلە،
تالانت نېمە، ئۇلۇغى ۋىجدان، ئىشقى پەزىلەت...!

## 77

ئېتىقادىم، ئەقىدەم، ۋەتەن مېنىڭ ھاياتىم،
مۇشاۋىرەك، راك، ئەجەم... ۋەتەن مېنىڭ قاناتىم.

بارىم ئەبەد دىلدىكى، ئوتلۇق كۈيۈم تىلدىكى،
زۆھرە، لەيلى، شاھ سەنەم، يوق ئۇ كۈلسە ماماتىم.

سۆيگۈ نە گەپ تىلدىكى، پەۋەس گۈلخان دىلدىكى،
قۇت، شەرەپشان، ئىزگۈ جەم، ئۆچمەس ئەبەد ئات ـ زاتىم.

دىلىستانىنىڭ گۈلى ئۇ، مۇھەببەتنىڭ كۆلى ئۇ،
ئۇسىز تەندە يوقتۇر تەم، ۋەتەن جېنىم، ناۋاتىم.

كۆكلىمەيدۇ ۋەتەنسىز ھاياتلىقنىڭ يىلتىزى،
شۇڭا دەيمەن: باغېئىرەم، دىلنى ئۇپقان ئاۋاتىم.

ۋەتەنسىزنىڭ جۇپ ئالەم تەختى - بەختى نە ئېرۇر،
ئەۋلادىغا يوق زەمزەم، ۋەتەن - مېنىڭ پەرھادىم!

مىڭ شۈكرىكىم، بوۋاقى جەننەت كەبى ۋەتەندە،
يوقتۇر ساڭا قايغۇ - غەم، دە: «كۆلەر زەر ھاياتىم...!»

**78**

باغرىم يېرىق قان ئىدى، دىلدىن سېنى سۆيەتتىم،
روھىڭ دىلدا جان ئىدى، دىلدىن سېنى سۆيەتتىم.

ئىشقىڭ خىيال ئىلىنىڭ خاقانىغا ئايلانغان،
مىسلى پۈتمەس كان ئىدى، دىلدىن سېنى سۆيەتتىم.

سەرخىل - سەرخىل ئارمانلار، سورۇلدى زەر خامانلار،
قەدەمدە مىڭ شان ئىدى، دىلدىن سېنى سۆيەتتىم.

سەلتەنەتلەر شاۋقۇنى ئىرادەڭنى ئۆلتۈرۈپ،
دىللارغا غەم خان... دېدى، دىلدىن سېنى سۆيەتتىم.

ئەختەر سۇنغان جامالىڭ، ئەقلى - ئىدراك، ئامالىڭ،
ۋۇجۇدتا زەر سان ئىدى، دىلدىن سېنى سۆيەتتىم.

قانداق بولۇپ ئالماشتى سۆيگۈ بىردىن غەزەپكە،
غايىب : «پىچەك دان ئىدى...» دىلدىن سىنى سۆيەتتىم.

ئالدى ـ كەينىڭ سوكۇلداپ، بولدى بوۋاق قاقسەنەم،
ئاڭا قۇت نىشان ئىدى، دىلدىن سىنى سۆيەتتىم.

سۆيمىگەنلەر ئەزەلدىن كۆيمەس يارنىڭ ئوتىدا،
سەنچۇن باغرىم قان ئىدى، دىلدىن سىنى سۆيەتتىم.

**79**

روھى تەڭپۇڭلۇق ئىرادەم جىلۋىسىن شاد ئەيلىدى،
ئىشقى چۈشكۈنلۈك ۋۇجۇدۇم بارى بەرباد ئەيلىدى.

چىن مۇھەببەت دەشتىدە مەشرەپ كەبى يۈرسەم ساياق،
كۆيلىرىم نۇسرەتلىرى باغرىمنى شەمشاد ئەيلىدى.

ناتىۋانلىق نەغمىسى سەۋدا خىياللار ئىلكىدە،
ئوت يۈرەكنىڭ دەشتىدە چاپتۇردى شوخ ئات، ئەيلىدى.

ئىتكابى قۇت ئۈمىد نەھرى بىلەن بولماس غىرىب،
كىرمىگەن دىل قورغىنىغا بەلكى ياۋ ـ يات، ئەيلىدى.

كىمى ئادەم ئاتا، ھەۋۋا بەرقىي چۈشلەر باغرىدا،
شۇندىن سۆڭرە مەن ئاتالدىم ئىشقى ئوت زات ئەيلىدى.

مەن پەرىشان بولمىدىم پەيلىم بىلەن، مەيلىم بىلەن،
دەرد ـ ئازاب قالغانىكەن، ئاخىر ئەجەب مات ئەيلىدى.

ئەي بوۋاقى، ئەر دېگەن ئاشىق بولۇر، ياشىق بولۇر،
روھ ئارا ناتىق بولۇر، قەلبىڭدە يوق دات، ئەيلىدى...!

**80**

نېچۇنكىم، تەقدىرى قىسمەت ماڭا باغرىنى كەڭ ئاچتى،
ئازاب زاھىر بولۇپ ئاندىن، قۇچاقىن بەلكى تەڭ ئاچتى.

قولىدا جام، دىلىدا تام، سولىدا خاسۇ ئام بەردار،
يولىدا باغرى قان تۇرنا، ئەجەب باغرىن سەتەڭ ئاچتى.

پەلەك ھەلقۇملۇقى تاشلاپ مەلامەت دەشتىگە بارىم،
ھىجىر دەرۋازىسى مەن دەپ بىلەلمەي قالدىم، جەڭ ئاچتى.

جامال كۆرسەتمىسە ۋەسلىم، دېدىڭمۇ ئۇنى يار تەسلىم،
شۇ جەڭنى نەۋقىرانلىقتا ۋىسال تەشناسى ئەڭ ئاچتى.

چۇغۇندەكتەك تۇرۇپ بەستىم، بىراۋغا ئۆتتىمۇ قەستىم،
سەھەر ئەييامىدا شەيتان تۇغۇم شەھىرىدە رەڭ ئاچتى.

بوۋاقى باقى قىسمەتتىن ئۆتۈپ كەتمەكنى ئىزدەپ شاد،
ئىشق سۇبھى لاۋاسىدىن تۇتاشتۇردىكى بەڭ ئاچتى...

**81**

روھى سۇلماس ئاشىقنىڭ گۇلى گۇل يار ئالدىدا،
باغرىنى چاك ئەيلىگەي مەشرەپ كەبى دار ئالدىدا.

ئىشقى مەھكۇملۇق ۋۇجۇدۇڭ ئايىمىگە سالسا قول،
تىترىمەس سۇبھى ـ سەتەڭ مەردانە نەس سار ئالدىدا.

جەھلى قاتمىش ئوت يۈرەكتە ھىجرى ئەپغان جادۇگەر،
مەشۇقىنى ئەيلىمەس رەقىبىگە خار ئالدىدا.

شاھى سۇلتانلىق بىلەن تاپماس ۋىسال پەيكار كۆڭۈل،
ئۈپمىسا شەمئىي شەپەق كۈي نە ئىرۇر تار ئالدىدا.

جانى ۋەيلۇنلۇق تىنىڭدە قۇترىسا شەھۋەت كەبى،
ئەتكىنىڭ باغرىڭنى قالقان نۆل ستەمكار ئالدىدا.

خەنجىرى تەگسە ئازابىنىڭ ئوت يۈرەككە قايسى چاغ،
قىلما ئاجىزلىقنى ئاشكار، ئىشقى ئەغيار ئالدىدا.

ئەي بوۋاقى، شادىمانلىق كۈل، ساڭا بولسۇن نىسىپ،
زەر ئۈمىد قانداق ئۈزۈلگەي باغرى ئوت تار ئالدىدا.

## 82

ئىشق سەرسەرىدىن ئوتلۇق كىتاب يازدىم،
ئىرادەتتە ساڭا دىلبەر خىتاب يازدىم.

پىغان دەسمايىسى غالتەكتە چاغلىقتۇر،
كىتابنى ئىھتىماللىق يوق، بىتاب يازدىم.

ۋىسال لەڭگەرلىرى چۈشلەردە زاھىردۇر،
دىلىمدا قاينىدى روھ، ئىزتىراپ يازدىم.

داۋانلاردىن ئۆتۈپ چاڭقاق دىلىم تۇتتۇم،
ھىجىر دەشتى بولۇپ تۇنرەڭ شىتاب يازدىم.

نادامەت تەختىدە يۈرسەم كېلىپ تەگدى،
ئازابتىن جىسمى قان پۈتكەن لېپاپ، يازدىم.

بوۋاقى، جايى جەننەتنى تاما قىلساڭ،
دىلبەر ئاياغىنى قىل ئېتىكاب، يازدىم...!

**83**

ئۆڭۈك پەردازلىرىڭ باردۇر، بىراق ئىشقى قارارىڭ يوق،
دىلىڭ غەمناك، يولۇڭ تاردۇر، ئەبەد مەستانە يارىڭ يوق.

يوغان ساز، نەقىشى ۋال ـ ۋالدۇر، تۇزان باسقان ۋۇجۇدۇمنى،
چالارغا زەخمىكىڭ ھەتتا كۆيى ياڭرارغا تارىڭ يوق.

ئۆزۈڭنىڭ كەپسىدە جىم سۈكۈتكە پاتقىنىڭ پاتقان،
دىلىستانىڭ ئەلەم باسقان، شەبىستانغا بارارىڭ يوق.

كىشى كۈلگەندە كۈلمەيسەن، ۋە يا ئۆلگەندە ئۆلمەيسەن،
ياۋا شاخ، يەڭلىغ كۆكلەيسەن، يېشىل توغ، ئىپتىخارىڭ يوق.

چىرايىم زەپىران بولدى، ئىچىمگە دەرد ـ ئەلەم تولدى،
دىلىمدا ئاھ، گۈلۈم سولدى، كىشى نە بولسا كارىڭ يوق.

ئەجەل دەرۋازىسىن چەكسەم، يېنىڭدىن شادىمان كەتسەم،
ئىدىڭ كىم، بىلمىدىم زادى، ياتارسەن قايغۇ ـ زارىڭ يوق.

بوۋاقى كۆتمىدى سەندىن ئۈمىد ئەييامىنى مەڭگۈ،
چۈشەنسەڭ ئاشىقى سەۋدا كەبى روھىڭدا ئارىڭ يوق!

## 84

ئەي، يۈرىكىم پارىسى، قۇت چارىسى، يار، سەن قېنى؟
سۆيگۈدىن ئالىي نىشان ئەتكەن سەبىي گۈلشەن قېنى؟

ئوت يۈرەكىم سەن بىلەن بىللە ئىدى، ھەيرانىمەن،
ماڭا ھەقدالىق ئۈچۈن ئاھ، مەندىكى ئۇ تەن قېنى؟

تۈن ئارا سۈبھىگە باقتىم ئەي نىگار ئەيلەپ نىدا،
سورىدىم تاغۇ دەشتتىن : «ئاتەش يۈرەكسىز مەن قېنى؟...»

بىر سۈكۈنات مىڭ قېتىم باستى ۋۇجۇدلارنى ئەجەب،
گۈل مۇھەببەت بابىدا بىز ئوقۇغان شۇ پەن قېنى؟

ھەق ـ باراۋەرلىك بۇزۇلسا يوق ۋىسالدىن ئىزدىرەك،
چىن ۋىسال جانغا كىرەك، جاندىن ئېزىز ئۇ ئەن قېنى؟

بىر قارارىم مىڭ قېتىم ياندى دىلىمدا چوغ بولۇپ،
مېنى تۇغقان ئادەمىي ئەيلەپ ئانا ۋەتەن قېنى؟...

ئەي بوۋاقى، سۆيگۈسىز ئۆتكەن ھايات ـ تۈنسىز تۇمان،
ئاھۇ ـ ۋاھىڭ يەتسە كۆككە، روھلىنىپ كۈلگەن قېنى؟...!

## 85

ئوت دىۋارىمدا تامام مۇز، سەن قېنى؟
دىل كۆكىمدە ئۆچتى يۇلتۇز، سەن قېنى؟

بىر ئۈمىدىم مىڭ قېتىم داد ئەيلىبان،
قالمىدى تومۇرۇمدا قان، تۇز، سەن قېنى؟

ناله قىلدىم ياقا يىرتىپ ھەر نەپەس،
نەدە بولساڭ روھنى قۇتقۇز، سەن قېنى؟

تاش يۈرەكلىككە باھانە بولدىمۇ،
گۈل كەبى بولغانلىقىڭ ئۈز، سەن قېنى؟

قايسى شەيتان ساڭا قىلدى تەنە ــ دوق،
ھەم دېدى: «پاك ۋەدىنى بۇز... » سەن قېنى؟

يۈرمىكىم ۋاجىپمۇ دەشت ــ چۆل باغرىدا،
قالدۇرۇپ ئىشقىمنى ئۈسسۈز، سەن قېنى؟

ــ «ئەي، بوۋاقى...» كەلدى غايىپتىن سادا،
ــ ئۆتتا كۆي، بولغىچە قۇندۇز...! سەن قېنى؟...

## 86

غېرىب باشىڭغا كۈن كەلسە، ئېچىڭگە سالما غەم ــ دەردنى،
تاپالماس ھېچ كىشى سەندەك ئازاب دەشتىدە سەرمەردنى.

كىشى ئاجىز تۇرۇپ قۇدرەت ئىلىدە نە قويالايدۇ،
رەقىبىگە، ئۆزىگە تەن نىھايەت پايدىلىق شەرتنى.

تاغارلاپ ساتقىلى بولماس يا بىللە تارتقىلى بولماس،
بىرىگە ئارتقىلى بولماس قىسمەت تاڭمىش بۇ ھەسرەتنى!

يۈرەكىڭ قانۇ قان تۇرسا، رەقىب نەيزىسىنى ئۇرسا،
ھۇقۇش شاد بەزمىلە قۇرسا، ئېچىش مۇمكىنمۇ قۇت بەتنى؟

ئۆزۈڭدىن ئۆتكىنى باردۇر، كۆزۈڭدىن يۇتكىنى باردۇر،
دىلىڭنىڭ كۈتكىنى باردۇر، قۇرۇتقا ئۇۋلىتىپ ئەتنى...

ئۇمىد زەر، بولسىمۇ دەريا، ئۆزىچە ئاشمىغاي ئىشقا،
ئۇمىدۋار بولسىمۇ دۇنيا، جىمىسى قىلسا ھەرىكەتنى!

بوۋاقى، ياشلىقىڭ ئۆتتى، ئەجەب بەڭباشلىقىڭ تۈتتى،
سېنى ئەمدى نېمە كۈتتى، قەدىرلە باقىي سەنئەتنى...!

## 87

ئوت يۈرەكىم بىناۋالار ئالدىدا خار ئەيلىدىم،
ئىشقى ئۆچكەننى چېتىپ چىڭ ئەبەدىي يار ئەيلىدىم.

مۇزلىدى تەن، نەكى تەن، بۈيۈك قۇياش يانغان ۋەتەن،
چاچلىرىنى گىدە - گىدە سىرتماق - دار ئەيلىدىم.

ئۆلمىكىم ۋاجىپ، بىراق، مەنزىل جېنىمدىن خوپ يىراق،
ياققىنىم بىر جىن چىراغ، يولۇمنى بەك تار ئەيلىدىم.

كۆرگىنىم ئىشقى پەلەكنىڭ گەردىشى تەتۈر قۇيۇن،
بۇلبۇلى بىچارىنى مەسخىرىلەپ سار ئەيلىدىم.

چۈشلىرىمدە ئۈينىدى مىليونچە چاشقان، ئاھۇ - ۋاھ!
بۇردا نانچۇن چىن غۇبارىم بەلكى تارىمار ئەيلىدىم.

ئىككى ئالەملىك ئەقىدەم سۈندى بىر - بىرلەپ شۇ دەم،
قېنى، ئۇ ۋىجدان - غۇرۇرۇم، نېمىنى پار ئەيلىدىم؟

ئەي بوۋاقى، ئۆچمىگەي شامى ئۇمىدىنىڭ زادىلا،
سەن دېسەڭ بولغاي ئۆزۈڭنى چىن سېتەمكار ئەيلىدىم.

## 88

زەر ھايات ئالىمىنىڭ يەك شاھى نە، شائىرىمەن،
ئىشقىمنى باغرىم بىلەن ئۆرتەيدىغان زاھىرىمەن.

بولسىمۇ قەلبىم كاۋاپ، كەتكەن غۇبارىمغا تاراپ،
تاپمىغان ھېچبىر ساۋاپ، ساندۇق بەدەل تاھىرىمەن.

چۆكسىمۇ ئىشقى بالالەر دەشتىگە روھىم ئەبەد،
غەم ئېراسىدا ئۇچۇپ يۇرگەن قۇشى - ماھىرىمەن.

پۇتمىگەن داستانلىرىنىڭ ئوت كۆيەر باشى بېشىم،
نەيلەيىن، يۇتكەندىمۇ ئاتەش يۇرەك ئاخىرىمەن.

قىبلىنامەم كۆيمىكىم، يالقۇنىنى شاد سۆيمىكىم،
چاچلىرىنى ئۆيمىكىم، ئازابىنىڭ داخىلىمەن.

نەدە يۇرسەم، نەدە كۇلسەم ئوي خىيالىم ئۇ بىلەن،
ئەي بوۋاقى : «شادلىقىم شۇ، ئاشىق ئىلى كادىرىمەن...!»

## 89

نېچۇنكىم، دىل قارارىم يوق، ساڭا جىسمى قارام بولدۇم،
ئەزەلدىن تەقدىرىم شۇنداقمىكىن، مەردانە رام بولدۇم.

كۆكمە، كۆك ئىكەن ھىجران، پەۋەس غەم بۆك ئىكەن ھىجران،
يۇرەككە يۇك ئىكەن ھىجران، يېشىم پۇتمىش تارام بولدۇم.

ئادالىق تاپمىدىم جاندىن، خەۋەر يوق ۋەسلى جانانىدىن،
تامايىم يوق ئىدى شاندىن، پەقەت دەردكە يارام بولدۇم.

ساباھلارغا سالام قىلدىم، ئىلىك نە، باغرىمە تىلدىم،
دىلىمنى يەك يىتىم بىلدىم، نەزەرسىز ئىھتىرام بولدۇم.

چۇشۇپ مەشرەپ كوچاسىغا، تىلەپ قۇت غەم قاچاسىغا،
مىنىپ ئازاب ئۇچاسىغا، ئەجەب تەتۇر ئارام بولدۇم.

قىنىمنى گۇلگىلا تۆكتۇم، يىشىمنى كۇلگىلا تۆكتۇم،
تىمىمنى نەچچە رەت سۆكتۇم، كۆيۇپ ۋەيرانە شام بولدۇم.

غۇرۇرۇم چاڭقىدى، ئۆڭدى، ئىرادەم مەڭدىدى، مۆڭدى،
بوۋاقى ئىيتتى: «بىۋاقتا نىتەي، مەشرەپ، گۇمنام... بولدۇم...!»

ئۇمىدۋارلىق ئىشق ئەھلى ئۇچۇن مەشئەل يىنىپ تۇرغان،
ۋىسال مەنزىلىدە روھىم بىلەن بەلكى قارام بولدۇم...

**90**

چاراقلاپ يانغىنى يۇلتۇز ئەمەس، كۆڭلۇمدىكى غەمدۇر،
غۇبارلىق ئىتىكابىغا تامام ھەسرەت قۇشى جەمدۇر.

تىلەكلەر تەلۋىلەشكەن بىر سەھەردە كۆرگىنىم چۇشتە،
ئىشقىگاھىمغا تون ياپقان گۇلىستان ۋەسلى شەبنەمدۇر.

پىغانلىق كۇيلىرىم تەكتى ئارا جىلۋە قىلار خالىڭ،
نىگاھلاردا قىتىپ قالغان ئەمەس داغ، بەلكى زەمزەمدۇر.

نىھايەت، بەلگىسى ئۆچتى پىقىرلىق كەپسىنىڭ شاد،
ئازاب ئوقياسى ئوشتۇلدى، بولۇپ ئەيىام گۈلخان يەمدۇر.

شەپەقكە تەلمۈرۈپ باقتىم، ھىجىر دەرياسىدا ئاقتىم،
نادامەت چىشىنى چاقتىم، بولۇپ شاد باغرىمە نەمدۇر.

گىياھلار كۆكلىدى باغرىم ناۋاسىدا قىلىپ بەزمە،
بوۋاقى دەيدۇ: «روھىمغا مۆكۈنگەن ناتىۋان تەمدۇر...!»

**91**

«ئىچىم قايناپدۇ ـ قايناپدۇ، قازاندا قاينىغان چايدەك...»
ئاشۇ چاي چىھرىدە شولاڭ قەلب كۆكۈمدىكى ئايدەك.

ياتارمەن رەزگى كەپەمدە، پاتارمەن تىگى يوق غەمگە،
ياقارمەن مەيدىنى نەمگە، ۋۇجۇدۇم پىشمىغان لايدەك.

غىرىبلىق تونىغا بەستىم ياراشتى بەكمۇ بەك بۇدەم،
سىزەر مەن چەرخىي تەنھالىق، بۇلاقسىز قاغجىراق سايدەك.

كۆيەرمەن ئۆز قىنىمدا شاد، جاھان باقىي ئەمەس ئاۋات،
بولارمەن كۇندە مىڭ بەربات، خىيالدىن خوپ يىراق جامدەك.

تۆكەرمەن ياشلىرىم يامغۇر كەبى مۇشكۇل ئازابلارغا،
ئىشق گۈلخانىدا كۆيگەي ئۇمۇ ھەم باغرى ئوت مايدەك.

ئازابنىڭ مىڭ بىشى باردۇر، مىنىڭ بولسا پەقەت بىرلا،
ھىجىر پۈتمەيدۇ ئالەمدە مىسالى «نايىنى ـ ناي، نايدەك...»

بوۋاقى، يەتمىسە ۋەسلى گۈلىستانغا، دىمەس بولدى،
ياشامدۇ بۇ جاھان ئىچرە قوشۇلغان يا ھارام پايدەك...

**92**

شارابلار سىڭدى روھلارغا، ھەسەد باغرىدا جام قالدى،
تەبەسسۇم جىلۋىسى ئۆچكەن سەدەپتە ئېھتىرام قالدى.

كۆيۈكلەر ياتسىراپ ھىجرى مەلامەت تىغىدا بۇ دەم،
سۆيۈكلەر سارغىيىپ تاڭدا داۋان باغرىدا نام قالدى.

زېمىنىنىڭ كۆزىدە يالقۇن، ئىلاھىي كۈيىنى تۆكسە،
ئېلىپ پەرۋانە جانىنى كۆيۈپ پۈتكەن زەر شام قالدى.

يەسىللەر پەللىسىدە غەم توقۇپ بورا، ياسار قەلئە.
چۈشۈم تەھلىكىسى نەدۇر، غېرىب تەن بىرلە تام قالدى.

ئازار يەتمەستە گۈل جانغا، يېتىش مۈمكىنمۇ جانانغا،
سېتىپ بازاردا قاقشالنى، بولۇپ شاد خاسۇئام قالدى.

تەسەللى تاھىرى ئەسلا بوۋاقى، بولسىمۇ زاھىر،
ئەجەب ئۈنىڭ يۈرەكىدە يېشىل بىر نەرسە كام قالدى...

**93**

ئېرالار دولقۇنى يالقۇن تۈغۈپ باغرىمنى قان قىلدى،
ئازاب ـ دەرد ۋارىسى سەن دەپ يەنە غەم ئارمىغان قىلدى.

دىلىمدا تىكلىدى ئەپغان نىھايەت بىر ئىگىز مۇنار،
نېدايىمغا پىسەنت قىلماي، چىرايىمنى سامان قىلدى.

خازان بولغان خىيالىمنى نادامەت تەكتىدىن تاپسام،
قويۇپ ئۇندەش قاراقىمغا، ئەجەب تەتۇر بايان قىلدى.

شاپاق نەرقىدىن ئەرزانراق غېرىب ئادەمگە ئايلانسام،
سېلىپ كارۋان ھىجىر خەلقى ساپاسىنى ئايان قىلدى.

قاداقلار چۇشتى روھىمغا، يولاتماي نۇر گورۇھىمغا،
ۋەسىلدىن زەر پايان يوقتۇر، ئازابنى بىپايان قىلدى.

بوۋاقى، چىن ئۇمىد ۋەجى يىراقلارغا نەزەر تاشلاپ،
پېتىپ بەھەق ۋىسالگاھقا، سۆيۈكنى گۇل جاھان قىلدى!

**94**

پەسىللەر ئۆتسىمۇ ئىگراپ، يىراقتا مىڭ داۋان قالدى،
ئىشق ۋادىسىدا قۇربان كۆڭۈللەر باغرى قان قالدى.

ۋىدالىق تەختىدە ياتتىم، مۇز سېنلىق تاش بولۇپ قاتتىم،
كۇيۇم تۆكتۇم، قوشاق قاتتىم، ھىجىرگە يول راۋان قالدى.

كۆيۈكلەر پەسلىمەس زىنھار، سۆيۈكلەر كۆكلىگەچ غەمخار،
ئۆزۈمگە ئىزدىدىم مىڭ دار، غېرىب تەندە قاۋان قالدى.

چۇۋۇلغان چاچلىرى تۇننىڭ يۇزۇمگە تىغ ئۇرۇپ ئۆتتى،
ئازاب تۇگمەندە ياتسام، غېرىب خامپامدا جان قالدى.

نىشاندىن تايمىدى تاھىر، بولۇپ ھىجران ئارا شائىر،
ئېتەر چىن روھىنى زاھىر، داۋانلاردا دۇكان قالدى.

بوۋاقى قالغىنى بىرلە كۆرۈشتى لەۋ يېقىپ بىر رەت،
دۇدۇپ خۇرجۇندا غەم ـ دەردنى، جېنىم بۇ كەم ئاران قالدى...

**95**

ئىشق مەيزاپلىرى تۇتتى، خازان يەڭلىغ خاراب كەلدىم،
كۆيۈكلەر ئالدى ھەلقۇمدىن، ئۇپۇقلارغا تاراپ كەلدىم.

تاپانلار قانۇ ـ قان بولدى، جامى ئەيىيامغا جان تولدى،
يۇرەكىم چىن ئايان بولدى، قەدەملەرگە قاراپ كەلدىم.

ئىكەن ئۇ ئەسلىي مەشرەپىنىڭ، ئاشىقلار نەسلى مەشرەپىنىڭ،
ئەقىدە پەسلى مەشرەپىنىڭ، ئۇمىد بىرلە ماراپ كەلدىم.

قۇلۇمدا تەمبۇرۇم بىللە، غۇرۇرۇم، كۆز نۇرۇم بىللە،
ئادالەتلەر ئۇدۇم بىللە، جىمى ئەلگە ياراپ كەلدىم.

ۋىسالسىز ھېچنىمەم يوقتەك سىزەرمەن ئېتىكابىمدا،
بولۇپ بەلكى ئۇلۇغ مەشرەپ دىلىمدا چىن شاراب كەلدى.

داۋانلار ھالسىراپ كۆيدى، سۇبھىدەم چاچىنى ئۆيدى،
شەپەق قارچۇقلىرىم سۆيدى، چېلىپ ئىشقى راۋاب كەلدىم.

مۇھەببەت دېڭىزىدا شاد ئۈزەر بوۋاقى جۇپ ئالەم،
دېگەي ئۇندا ئەبەد بارىم بىلەن مىسلى كاراب، كەلدىم...

**96**

ھىجىر دەشتىدە ئۇھ تارتىپ ئۇرۇپ ئاھ، توخۇ ئەت بولدۇم،
ۋىسال دەرگاھىدىن ئىشقى بالالەر بىرلە چەت بولدۇم.

پىراقىم تەڭشىكى يوقتۇر، ئازاب باغرىمدىكى ئوقتۇر،
قارا داغ چۈشتى باغرىمغا، سىزنىقسىز رەزگى بەت بولدۇم.

قىيامەت قاقشىدى تەندە، ئىكەن دەل دەردىمە بەندە،
مېنى كىم قىلدى شەرمەندە، پۈچۈلغان رەڭگى خەت بولدۇم.

خىيانەت تەشتىكىدە گۈل ئېچىلدۇرماقنى ئىستەيمەن،
دىلىمدىن ئىزگۈ نۇر ئۆچتى، قارا بىر كۆنگە لەت بولدۇم.

سەنەم دەرۋىش سىياقلاندى، تىلىم گۈلخانغا قاقلاندى،
قىلىچلار دىلدا چاقلاندى، بۇ دەم كىمگە مەدەت بولدۇم.

ئەجەبكىم، بىقىياس روھىم سۈبھىدەم باغرىدا سەرسان،
ئىچىمدە بىر بۇلاق قاينار، دەردىم ئۈستىگە دەرد بولدۇم.

بوۋاقى، يىغلىدى، كۈلدى، دىلىنى تىلغىدى، ئۆلدى،
ئاڭا كىملەر كۆڭۈل بۆلدى، ساياق باشىم غەلەت بولدۇم.

**97**

بېشىمغا ئىشقى ھىجراننىڭ تېشى تىنماي يېغىپ كەتتى،
ئازابقا مۈپتىلا قەلبىم قەدەمدە مىڭ ئېغىپ كەتتى.

چىمەنزار غۇنچىسى ئاچقان چېغى تۈنجى پورەكلەرنى،
سېلىپ چۇقان ئەلەم ـ ھەسرەت ئېتەكىگە يېغىپ كەتتى.

ۋىسالىم نەغمىسى ئالەم چېتىدىن ئىستىسە دىلنى،
دېۋەڭلەر سوغىلار تارتىپ، ئىنەك چاغلاپ سېغىپ كەتتى.

يۇرەك مۇشتۇمچىلىك ئەمما، ئاڭا بۇ كائىنات ئالەم،
قۇچاقلاپ ئەھلى ھىجراننى كىرىپ ھۆكرەپ سىغىپ كەتتى.

بوۋاقى، لال بولۇپ قىسمەت ئېراسىغا بېقىپ دەردلىك،
نىھال، ھەسرەت ئېقىنىدا ئۈمىد بىرلە ئېقىپ كەتتى...

**98**

ئىشقى ئاتەشلەر ئارا دىۋانە بولغان مەنلىمۇ؟
دادا دېمەي مىڭبىر كۆيۈپ پەرۋانە بولغان مەنلىمۇ؟

دەردى يوقلار دەرد چۈشەنمەيدۇ ئەزەلدىن تا ئەبەد،
كۆپ ئىچىپ ھىجران شارابى، دانە بولغان مەنلىمۇ؟

ناتىۋانلىق ھارۋىسىدا ئولتۇرۇپ بىر كۈلمىدىم،
چىن بىلىپ تاھىر يولىن، دەۋرانە بولغان مەنلىمۇ؟

بولمىدىم ھۆددەس رەقىب ئىشقىم بىلەن، مېھرىم بىلەن،
زەر مىسال چېھرىم بىلەن ۋەيرانە بولغان مەنلىمۇ؟

كۆيدۈرەركەن ئوت دېگەن ھەم ئۆلتۈرەركەن ئوت دېگەن،
ئوت ئارا چۈشەپ باھار سەرسانە بولغان مەنلىمۇ؟

كۈي كۆزىدىن جان تۇغۇلدى، گۈن تېنىدىن ناتىۋان،
دىل ئوقىغا يۈزمۇيۈز نىشانە بولغان مەنلىمۇ؟

ئەي بوۋاقى، زارلىما مەردنى سىنا مەيدان ئارا،
گەر دېگىلك كەلسە دېگىن: «مەردانە بولغان مەنلىمۇ؟...»

## 99

يىلتىزىغا ئوت توتاشتى بەرقىي جانىنىڭ نەيلەيىن؟
كەتتى رەڭگى ئۆزگىرىپ جىسمىمدا قانىنىڭ، نەيلەيىن؟

دەۋرىدى ھىجران رەقىبلەر چۆلۆۋرىدا ئات بولۇپ،
ئاھۇ ـ زارى يەتتى كۆككە ۋەسلى كانىنىڭ، نەيلەيىن؟

كۆرگىنىم تۇزلۇق جاھان ھەم تەن، لىباس مۇزلۇق جانان،
رەڭگىدىن چىقتى سادا سارغۇچ سامانىنىڭ، نەيلەيىن؟

بەك پىشىپ مىگىبىر يىپرىلغان چاك ـ چاك قوغۇندەك يۈرەك،
بولدى چاك، دەردى يوغان ئوتى يامانىنىڭ، نەيلەيىن؟

ھەر كىشىنىڭ تەبىرى دەردمەنگە غەم يۈككە تامام،
مەسخىرىسى بولدى مۆلدۈر زاغ ـ قاۋانىنىڭ نەيلەيىن؟

نەيلەيىن، ئاھ، نەيلەيىن، قۇتنى قاياقتىن پەيلەيىن،
باغرىمنى قان ـ قان ئەيلەيىن، نە قەدرى شانىنىڭ، نەيلەيىن؟

ئەي بوۋاقى، نەيلەيىن دەپ قىلمىساڭ پەم، غەم باسار،
قىممىتى نەدۇر بىلمەسەن، رامىزانىنىڭ، نەيلەيىن؟...!

## 100

كىلىشكە ئىمتىيازىم بار، كۇلۇپ كەلدىم سورا، تاڭدىن،
سەبىر مىقياسىدا مەڭگۈ تىلەپ يۈرمە غورا تاڭدىن.

چەرخىيلەر يالقۇنى مۆڭگەك ئىكەن، بىلمەمدۇ ھەسرەتنى،
سىپرىق ئىس بىرلە ئاھ ئۇرغان نەپەسلەردۇر مورا، تاڭدىن.

گۈلۈمنىڭ نەرخى يوق بۈندا، خازاندىن پەرقى يوق بۈندا،
گۈلىستان بەرگى يوق بۈندا، غېرىب قىلغان دورا، تاڭدىن.

تامام ۋەيلۈن تەبەسسۈمدا باسار ئۈنىڭ ۋۈجۈدىنى،
خوخا كولايدۇ تىنماستىن ئەبەد پۈتمەس ئورا، تاڭدىن.

خۈيى نەس تۈلكە ھۈقۈشنىڭ، ئەبەد دۈشمىنى ئەس ـ ھۈشنىڭ.
داۋام ئاۋارە ئىقلىمدا تېنەپ، ئىزدەپ شورا تاڭدىن.

بوۋاقى، غەيرىي ئىمكانلار داۋانىدا ئۈمىدلەنمە،
ۋىسال لەۋلىرىنى ئىشقىڭ بىلەن قانماي شورا، تاڭدىن...!

## 101

قۈيرۈقۈمنى تۈتتى بىر مەلئۈن ئەجەب، قىلدى ئەلەم،
ئۇ ئەلەملەر تەسۋىرىگە لال كېلۇر، ئويچان قەلەم.

كۆزلىرىمدىن قاچتى ئۈيقۇ، تۈيغۇلار غەرق قان ئارا،
ئۈنى ئاز دەپ گۈل بېشىمغا سالدى ھەردەم ھىجرى دەم.

تېرىلەر تەتۈر سويۈلدى مىڭ ئەلەملەر ۋەجىدىن،
بىر تىرىك ئادەم تۈرۈپ بولدۈم نېتەي ھەسرەتكە يەم؟

«توۋا...!» دەپ تۈتتۈم ياقا ھەم چۈلغىدى روھىم چاقا،
قالمىدى مىسكىن ھاياتتا بىر پۈراشقا ۋەسلى تەم.

قىسمىتى تەتۈر ئىكەن چەرخىي پەلەكنىڭ، ۋادەرىخ!
بىر ئۈمىدتىن ئۆزگىسى كەتتى يىراققا، قاقسەنەم.

ئۆز ئۆيۈمدىن قوغلىدى، زەمزەم چېيىنى دۆغلىدى،
قەلبىمگە ئەپغان چۆغلىدى، قانداق قىلاركىن شاھسەنەم.

بۇ بوۋاقى «داد...!» دېدى، ئەقلى تامام پەرياد دېدى،
ئوقلىرىڭنى «ئات...!» دېدى، قالمىغاچ ئىشقى دەرەم...!

**102**

قەلەمقاش، سۇركىلىپ يۈرمە، ئەقىدەم چىن، ھەۋەس يوقتۇر،
شامالغا باش ئېگىپ يۈرگەن يېتىم ئاپتاپپەرەس يوقتۇر.

جانانىم ئۆزگىدۇر دىلدا، ئاجىز تەسۋىرگە مەن تىلدا،
ئۇنىڭ ئىشقى ـ پىراقىدا كۆيۈپ ھوش بىرلە ئەس يوقتۇر.

شاپاقتا تېپىلىپ دۇم چۈشكەن، قەدەمدە قان ـ يىرىك قۇسقان،
قۇيۇندا نەس پەلەك ئۇپقان تامام ئەپغانى خەس يوقتۇر.

جاھاندا قىممىتىنى بىلمىگەن ئادەم كەبى دەردمەن،
تۇلۇم چاشقان مىسال ئۇر ـ ئۇر قىلىنغان ئەسلىي پەس يوقتۇر.

دىلىمدا ئوت ـ پىغانىم بار، گۇلۇمگە ئارمىغانىم بار،
ئاڭا پەيۋەندە جانىم بار، قىيام مەڭزىدە بەس يوقتۇر.

چۆكۈپ قارچۇقلىرىمغا ئاي شەبىستان قىسسەسىن ئاڭلار،
يېنىمدا، دىلبىرىم بىللە، يىراق كەت، سەنچە نەس يوقتۇر.

بوۋاقى، كۆيدى، ئۇلغايدى، ئۇنىڭدىن ئۆرىسە گەر يۈز،
ئىككى ئالەمدە جان قاقشار، كۇنى زىللەتتە، تەس يوقتۇر...!

**103**

كۆنۈم ئۆتتى مالامەتتە، پىغان ـ دەرد دەشتىدە قالدىم،
دىرىلدەپ قېرى قومۇشتەك ھىجىر ۋەجىدىن ئۇشتالدىم.

نادامەتتە بېسىپ پەدە، دېدىم: «ئەزرائىلىم نەدە؟...»
ھىجىر كامالچىسى سۆركەپ روھىمغا مۇڭ بىلەن چالدىم.

ئازاب باغرىمغا لىق كەلدى، جېنىمغا بەكمۇ جىق كەلدى،
كىشى دەردىمنى بىلمەيدۇ، ئۆزۈم باغرىمغا تىغ سالدىم.

يېنىكتى قەدىمىم قۇشتەك، نېتەي بىر چاغ چېلىپ پۇشتەك،
پەرىدەك جىلۋىلەنسە غەم، ئۇنى نەق پۇلغىلا ئالدىم.

ئەقىدە تاملىرىم زەيلەپ سويۇلدى كاكۇلى مىسكىن،
ۋىسال مەنزىلىگە باقتىم، تەلمۈردۈم، تەلپۈنۈپ تالدىم.

پىچىرلايمەن: «ئۆزى سالغان ئەلەمنى ئۆزى ھەل قىلغاي...!»
بۇ دەم مەن ئوتتىكى قىلدەك كۆيۈپ تولغاندىم، قىينالدىم.

بوۋاقى، ئاشىقى سەۋدا ئىدىڭ دىلبەرگە قۇت يايغان،
تاپارسەن بىر سەھەر نۇسرەت، دېمە ھەسرەت بىلەن قالدىم...!

**104**

ئۆيۈمدە يۈرىكىم قان ـ قان، لېۋىمنى چىشلەپ ئولتۇردۇم،
مىسال ئوق تەگكەن تۇلپاردەك ئەلەملىك كىشنەپ ئولتۇردۇم.

نېنىم يوق يېگۈدەك بۇدەم، غېمىم بار دېگۈدەك بۇ دەم،
ئىچەرگە ئوغا ئىزدەيمەن، تاپالماي ئىشلەپ ئولتۇردۇم.

ۋۇجۇدۇم ئۇكىلىگەن كاللا ئىچىدەك قورۇلۇپ كەتتى،
ئۆزۈم نە بولسام مەيلىتى، قۇشۇمچۇن غەم يەپ ئولتۇردۇم.

جىنىمدىن ئۆتتى تۆھمەتلەر، ئۇپۇقتا مۆكتى ھۆرمەتلەر،
قۇرۇق گەپ بولدى سۆھبەتلەر «ئاھ، بىر كۇن كەل...!» دەپ ئولتۇردۇم.

ئۆزۈمدىن كەتكىنى باردۇر، شۇڭا دەرد يەتكىنى باردۇر،
دىلىم قان ئەتكىنى باردۇر، بولۇپ غەم سەپ ـ سەپ ئولتۇردۇم.

كۇلەي دەيمۇ كۇلەلمەيمەن، ئۆلەي دەپ ھەم ئۆلەلمەيمەن،
كۆڭۇل كۆكسۇم بۆلەلمەيمەن، بىرىپ ھەر كۇن نەپ ئولتۇردۇم.

بوۋاقى، بىر بوۋاي بولدى، ئىچىگە مىڭ ئازاب تولدى،
پىغانىم ئەۋجىگەن دەمدە سىماپتەك تەۋرەپ ئولتۇردۇم.

**105**

باشلاپ قويۇپ بۇ ئۆيدە ساختا شۆھرەت جىڭنى،
بىقىپ گۇزەل ئەتىگە، ئىشلەتمىدىڭ مىڭنى.

كۇندە يۇزمىڭ تەگىشىش، بۆھتان، تۆھمەت جىنىمدىن،
ئۆتۈپ، قويدى ئۆستۇرۇپ پىقىرنىڭمۇ ئىڭنى.

سادىق بولۇپ بىر ساڭا پۇتۇن بەرسەم يۇرەكنى،
خورلىغىنىڭ نىمىسى، بەرمەي ئۆزۈڭ تىڭنى.

مىھنەتلىرىم قولۇڭدا كىپەنلەرگە ئايلاندى،
بىر مەن ئۇچۇن زەررىچە چىقارمىدىڭ چىڭنى.

قۇرۇق گېپىڭ بەك تولا، يوغان تېخى بالادەك،
ئۆيۈم بۇ دەم تالادەك ئالغان ئاياز دېگىنى.

يامان بەكمۇ ئەلپازىڭ، ئاڭلانغاچمۇ مۇڭ ـ سازىم.
هار كەلدىمۇ پەرۋازىم، ئۇردۇڭ هىجران چېگىنى.

بولۇپ تۇلۇم چاشقاندەك ئۇخلىماستىن ئاقتۇردۇڭ،
نېمە تاپاي دېدىڭكىن، بوۋاقىنىڭ سېگىنى؟...

دېدى بىرى: «قەددىڭ كەر، ياشا مەغرۇر ئوغلاندەك،
بىر سىنىتقا تەڭ قىلماي رەڭۋازلاردىن مىڭىنى...»

**106**

ئۆتسىمۇ غۇربەتتە ئۆمرۈم، ياۋغا باشىم ئەگمىدىم،
بولمىدى سەپ ـ سەپ ئارا ھەتتا قاياشىم، ئەگمىدىم.

ياغسىمۇ تۆھمەت تېشى مۆلدۈر بولۇپ شامۇ سەھەر،
دېمىدىم دىلدىن ئۇنى ئىشقى ئاداشىم، ئەگمىدىم.

تولدۇرۇپ مىليون دېڭىزلارنى قۇرۇپ كەتكەندىمۇ،
كەلدىم بۇ ئالەمگە بىر دەپ، پۈتتى ياشىم، ئەگمىدىم.

ناتىۋانلىق دەردىنى تارتتىم كۆڭۈل ئوتلۇق تۇرۇپ،
مىڭ زەھەر ئۆتتى جېنىمدىن نەدۇر ئاشىم، ئەگمىدىم.

تىترىدى روھىم غېرىبلىق ئىلكىدە ياپراق كەبى،
تۈزلىغان تۇلۇمغا ئوخشاپ ئىچى ـ تاشىم، ئەگمىدىم.

نەيلەيىن، يارالمىشىمدا، بۇ بويۇن قاتتىق ئىكەن،
يېرىلىپ كەتكەندىمۇ ھەتتا دىل تاشىم، ئەگمىدىم.

نەھرىگە پاتتى ئازابىنىڭ بۇ بوۋاقى بىۋاقىت،
ئۆزگىرىپ باقمىدى بىر ۋەسلى قاراشىم، ئەگمىدىم!

**107**

كېچىچە چاكى ـ چاك سايراپ، نېچۇن ئۇخلار سەھەر بۇلبۇل؟
ناۋادىن ئۇنلىرى يۇتكەن چېغى قاقمايدۇ پەر بۇلبۇل!

پىراقتىن باغرى قان ـ قاندۇر، گۇلى ۋەسلى ئەبەد جاندۇر،
بىھوشلۇق ئىلكىدە شۇ دەم سالالمامدۇ نەزەر، بۇلبۇل؟

دىلىدا قاتقىنى ئەپغان، كۆزىدە قاتقىنى زەرداب،
تىكەنىنىڭ دەھشىتى باردۇر، چاچالماس بەلكى زەر، بۇلبۇل.

يېڭىلمەس چىن ئازاب ئىككى جاھاندا ھەممىدىن ئاخىر،
بولالماس ۋەسلى ئىمكانلار ئارا ھەيرانە سەر، بۇلبۇل.

پورەكلەپ غۇنچىلار ئاچتى قىزىل گۇل بەستىدە بەردەم،
ئۇمىدلەر جىلۋىسى نەدۇر، قايان قىلدى سەپەر بۇلبۇل.

نەۋايى ناتىۋانلىقنى ئاشۇ مەستانىدىن ئالغان،
بېرەر سۇبھى ساباسىدىن ھامان بالدۇر خەۋەر بۇلبۇل.

بوۋاقى، جان پىدا روھىنىڭ يولىنى تۇتتى ئارماندا،
ئۇنىڭ مەۋجۇتلۇقىن قىلدى ئەبەد ئالەمدە ئەر بۇلبۇل!

## 108

بۇ جاھان گۈلپەتلىرى بارىمنى بەربات ئەيلىدى،
مەيلىدى ئۇ، ۋە لېكىن يارىمنى بەربات ئەيلىدى.

گۈل ئىشقىگاھىمدا مۇزلۇق بىر داۋان زاھىر بولۇپ،
روھىناتىم ئىللىتار شارىمنى بەربات ئەيلىدى.

يوق ئىدى ئۈچۈشنى كۆرگۈم چىن يۈرەكىمدىن مېنىڭ،
كۆيلىرى دىلغا يېقىن تارىمنى بەربات ئەيلىدى.

خورلىدى، يەتكۈزدى بارچە مىڭ ئازابنى ۋايىغا،
بىر خازان يەگىلىغ كۆرۈپ ئارىمنى بەربات ئەيلىدى.

ئويدى قارچۇقلارنى كۆزدىن، نالىلار ئۆچتى شۇئان،
كەستى ئىشقى تىللىرىم، زارىمنى بەربات ئەيلىدىم.

ئەھلى بەرباتلىق ئارا ئۇنسىز بوۋاقى زار ئېتىپ،
ئىلكى دەھشەتلەر بىلەن كارىمنى بەربات ئەيلىدى...!

## 109

دەردنى باغرى قانۇ قان سەكپارىدىن سورىما،
سۇبھىدەمدە ۋىسالغا دىل زارىدىن سورىما.

خىسلىتىڭنى ئادا قىل، بۇلبۇل كۈيىن يادا قىل،
جۇدالىقنى ئاشىقنىڭ چىن يارىدىن سورىما.

ئاشىق دېگەن ۋۇجۇدنى ئوت تىلىدا تاۋلىغان،
سەمەندەرگە ئۇدۇملۇق قارارىدىن سورىما.

دىلىڭ جۇتتىن يېرىلسا، توپان بالا تېرىلسا،
ئامالىنى شاھ مەشرەپ ساتارىدىن سورىما.

ئىرادەڭنى بۇغرا قىل، قەدىمىڭنى توغرا قىل،
ۋەسلىڭنى دىل قۇياشى پاتارىدىن سورىما.

مەنزىلىڭگە راۋان بول، رەقىبىڭگە داۋان بول،
يولدىن ئازماس كارۋان بول، ياتارىدىن سورىما.

بوۋاقنىڭ جېنى مىڭ بولغاندىمۇ تىلى بىر،
يەل مىلتىقتا يۈرەككە ئاتارىدىن سورىما...!

## 110

ئۆتۈپ كېتەر ھەممىسى، غەمنى يانغا تاشلىۋەت،
ئۈلىشارسەن قۇت بىلەن پۈتكەن كانغا، تاشلىۋەت.

يۈرىكىڭنى داغلىغان، قەلبىڭ خەمەك چاغلىغان،
دىل كۆزۈڭنى باغلىغان پاتار قانغا، تاشلىۋەت.

ھەسرىتىڭدىن ئۆكۈنمە، رەقىبىڭگە يۈكۈنمە،
تىنەپ، زارلاپ مۆكۈنمە، يۈر نىشانغا، تاشلىۋەت.

تىنىقىڭدا قۇياشنىڭ ئىللىق ھىدى پارلايدۇ،
چۆمۈلىسەن سۈبھىدە پۈتمەس شانغا، تاشلىۋەت.

يۇمۇپ تۇرۇپ كۆزۈڭنى، تاشلىۋەتسەڭ ئۆزۈڭنى،
تىڭشايدۇ كىم سۆزۈڭنى، زارىسەن دانغا، تاشلىۋەت!

زەپەر سازىن چالغانلار، دادىل قەدەم ئالغانلار،
دىلىغا ئوت سالغانلار قىيار جانغا تاشلىۋەت.

بوۋاقنىڭ دىلىدا ئاتەش سۆيگۈ، ئىستىقبال،
غۇرۇر، ئارمان، ئېتىقاد، باق زامانغا، تاشلىۋەت...!

**111**

كېتىپ دىلبەر يىراقلارغا، دىلىمدا مىڭ تۇگۈن قالدى،
چۈشۈپ روھىم پىراقلارغا، نېتەي ھىجرانى تۈن قالدى.

تىرىلدىم مىڭ ئۆلۈپ ھەردەم، بېشىمدا مىسلى ھۇقۇش غەم،
پېتىپ بېگىز قاراقلارغا، قۇياشسىز پەيت ھەم كۈن قالدى.

قىسىلدى گۈل بېشىم، ھەتتا توخۇ ئەت بولدى ئىچ - تېشىم،
ئىدىم تەشنا چىراغلارغا، بىراق زۇلمەت پۈتۈن قالدى.

دىلىمدا نەس ئازاب تەختى، ئۇنىڭدا ھەسرىتىم بەختى،
كۆڭۈل بەرسەم قىياقلارغا، سامان بەتتەر ھۆسۈن قالدى.

دىلىمدا قالغىنى باردۇر، قاياق تولغانسام دەريادۇر،
بېقىپ ئادەم سىياقلارغا دىلىم بۇلبۇلى خۇن قالدى.

ئىرادەم سۇندى قاقشالدەك، ئىگىلدىم ھەر تامان تالدەك،
تۇتۇپ قەلبىم شىراقلارغا، ئەجەب بارى بۇگۈن قالدى.

بوۋاقى، ئۇندىمەس نامەرد راۋاقىدا قىلىپ نەغمە،
دىلىمدىن مەن يىراقلاردا، نېتەي ھىجرانى تۈن قالدى...

**112**

ئىلىپتەك تۈز ئىدىم، ئەتتەڭ، پۈتىپ ھىجرانغا يا بولدۇم،
تەمە ئەيلەپ ۋىسالىڭنى، پىغانلىق دىلرەبا بولدۇم.

نادامەت ئىلكىدە قالدىم، «قولۇمغا قوش پىچاق ئالدىم...»
تېنىمگە ئاقىبەت سالدىم، ئىشق ئەزگەن قىيا بولدۇم.

ئۇپۇق جامىدا مەي ئىچتىم، ئۆزۈمگە باقى تون پىچتىم،
كۆزۈمدىن ئاقتى مىڭ دەريا، ئەجەب بىئەتىۋا بولدۇم.

تۆكۈلدۈم گاھ بوران سوققان غورا يەڭلىغ سەھەرلەردە،
يېنىپ سۇبھى ئىراسىدا ناۋاغا ئىپتىدا بولدۇم.

خىزىر دەك ئېھتىرامىم بار، ئىشق ئەزگەن قىيامىم بار،
«سارالڭ» دەپ پەخرى نامىم بار، زەر ئوتقا مۇپتىلا بولدۇم.

ئۆزۈمنى ئالدىيالمايمەن، يولۇمدىن تەركىي تايمايمەن،
گىياھ كۆكلەيدىغان سايمەن، يامان چاغدا ئادا بولدۇم.

بوۋاقى، مىڭ ئەلەم ۋەجى قەلەمگە ئىلتىجا قىلدى،
يۇرەكنى مىڭ قېتىم تىلدى، ۋىسالغا ئىنتىزار بولدۇم...

**113**

ھىجىر دەشتىدە زار يىغلاپ سېرىق قۇچقاچقا ئايلاندىم،
تىلەپ زەمزەمنى سۇبھىدە سولاشقان تاجغا ئايلاندىم.

بېقىپ بۇلبۇل كۆزىگە كۆي ئىلىدە قانۇ قان يىغلاپ،
شەپەق چېھرىدە مەردانە بۇيۇك تىلماچقا ئايلاندىم.

جېنىم پەتنۇستىكى گۆشتەك لېغىرلاپ تىنىمىدى زىنھار،
تىنىق روھىم بولۇپ رەللە نىھايەت ئاچقا ئايلاندىم.

پىغان ئىشقىمغا تۇغ ئاستى، ۋۇجۇدۇمنى ئەلەم باستى،
كېچە ـ كۈن تولغىنىپ قىلدەك تونۇردا چاچقا ئايلاندىم.

گۇناھىم يوق ئىدى ئەسلى، قاياقتا قالدى گۈل پەسلى،
يېنىمدا قالمىدى دوستۇم تامام «قاچ ـ قاچ» قا ئايلاندىم.

تەبەسسۇم نەھرى يالقۇنلۇق، ئىشقگاھ بەرقىي يالقۇنلۇق،
يولۇمدىن يانمىقىم يوقتۇر، ئەبەدلىك كاجغا ئايلاندىم.

بوۋاقى، تەلۋە ئاشىقتۇر، ئىشققا باقىي سادىقتۇر،
سەھەر گۈلشەندە ناتىقتۇر، سېرىق قۇچقاچقا ئايلاندىم...

## 114

ھىجىر ئەزگەندە باغرىمنى قاناتسىز قۇشقا ئايلاندىم،
ئازاب تاغ بو ـ دى، مۇكچەيدىم، قېرى قۇمۇشقا ئايلاندىم.

سەھەدلىك كەتتى باغرىمدىن، كۆيۈرلۈق قوپتى ئاغزىمدىن،
نادامەت قايتتىكىن كىمدىن، ئەجەب بىھۇشقا ئايلاندىم.

دىلىمدا ئۇخلىدى بۇلبۇل، ئىكەنمەن ئەسلىي بىر يوقسۇل،
ھىجىر مەندەك ئەمەسكەن تۇل، تېنى يوق ھۇشقا ئايلاندىم.

سەھەرلەر سىكلىدى رەت ـ رەت، ئېڭىمدا مىڭ تاغار غەپلەت،
تاپارمۇ زەر ۋىسال رەھلەت، تۇگۈلگەن مۇشتقا ئايلاندىم.

جېنىمدىن ئۆتتى سەۋدالىق، قەدەملەر بەرقىي غەۋغالىق،
ئىدىغۇ ئەسلىي تەقۋالىق، نېتەي ھۇقۇشقا ئايلاندىم.

گۈلۈمنىڭ چېھرى سارغايدى، ئازاب سېھرى قانات يايدى،
بىر مەزگىل گۈل بېشىم قايدى، گاراڭ تۇرمۇشقا ئايلاندىم،

بوۋاقى، پەخرى تەنھالىق ئېراسىدا قۇياش مەڭگۈ،
باھارسىز قىممىتىم چاغلاپ ئەبەد سەرخۇشقا ئايلاندىم...

**115**

ئازابتىن ئۆرتىنىپ باغرىم، ئىشق ۋەجى شاراب ئىچتىم،
ئېغىر ھەلقۇمدا ئۇھسىنسا، تومۇرلارغا قاراپ ئىچتىم.

قاۋاقلار پەردىسى تەۋرەپ ساباھ لەرزىدە ئۆرتەنسە،
كېلەرمۇ دىلبىرىم بۇ يول ئارا دەپ مىڭ قاراپ ئىچتىم.

غۇرۇر قەلبىمگە توغ باغلاپ، ئېرا مەڭزىنى جىلمايتسا،
يېقىپ رۇجەككە مەيدەمنى قاراقچىدەك قاراپ ئىچتىم.

نەپەسلەر كۆيدى قاقشالدەك، كۈيۈم زۇننارى مۇڭلانسا،
تۆكۈپ كۈي زەر ئالامەتلىك، خاسۇئامغا ياراپ ئىچتىم.

تېنىم بېلىقچە سىن ئالدى، جۇدالىق خەنجىرىن سالدى،
ۋىسالىم بەك يىراق قالدى، يېرىپ تۇندە كاراپ، ئىچتىم.

سەھەردە ئۇخلىغان بۇلبۇل، چۇشىدە يەك بولۇپ زاھىر،
يىكەندەك تولغىنىپ، ئىڭراپ، شاھىمغا خۇي ياراپ ئىچتىم.

بوۋاقى، مەيگە باغلاندى، يۈرەكى ئوتتا داغلاندى،
ـ «ئىلاھىم، بەر ئىسىل نۇسرەت...!» دىبان ئاھ، ۋارقىراپ ئىچتىم...

## 116

مىنى سۇبھىدە مەست كۆرمەڭ، قاراپ گۇلگە گۇلاپ ئىچتىم،
نىتەي، كىرپىكلەر جۇپلەشسە، تىكەنلەرگە غۇلاپ ئىچتىم.

يۈرەكىم قۇرۇسا قاقشال نىداسىغا پىتىپ چۇڭقۇر،
ئىرادەم تەختىدىن سىرغىپ نادامەتتە جۇلاپ ئىچتىم.

نىسىپگاھىمدا ئۈھسىنغان بولۇپ قالسا، ياقا يىرتىپ،
يالاپ گۇل بەرگىنى شەبنەم سۇيىنى يەك بۇلاپ ئىچتىم.

تىكەن لەۋلەرنى تىتقاندا، بوران نەۋلەرنى تىتقاندا،
ۋۇجۇدۇمغا ئۈمىد بەرگىنى مىخلاپ چىن قۇلاپ، ئىچتىم.

كۆزۈمنى ئۈيقۇ باسقاندا، بولۇپ مەن مانتا قاسقاندا،
ھىجران داردىنا ئاسقاندا، لىۋىمنى مىڭ شوراپ ئىچتىم.

تۇنىستان باغرىغا ئالسا، پىغان شەمشىرىنى سالسا،
ئازاب مۇز قوينىغا سالسا، بىشىم جامغا سولاپ ئىچتىم.

بوۋاقى، ھىجرى مەستخۇشلۇق بىلەن ئاخىر ئادا بولسا،
ۋىسالغا يەتسە بىردەممۇ قىيالاردىن غولاپ ئىچتىم؟..!

## 117

ئازاب دىلدا بولۇپ تۇن، تاڭ سەھەرنى سىغىندىم،
ئىيتىپ غەزەل پىغاندا كۇمۇش زەرنى سىغىندىم.

ئۆچالمىدىم يىراققا، قۇچالمىدىم شان ـ زەپەر،
ئامالىم يوق، ئۇرۇپ ئاھ...! بۈيۈك پەرنى سىغىندىم.

چىقالمىدىم ئۆيۈمدىن، نەپ تەگمىدى كۈيۈمدىن،
پىتىپ لايغا پۇتلىرىم، قۇت سەپەرنى سىغىندىم.

غېرىب قۇشقا ئايلىنىپ، غەمگە خاقان سايلىنىپ،
ئاق پاختىدەك تايلىنىپ يېشىل يەرنى سىغىندىم.

ئەركەك ئىدىم ئەزەلدىن، تۆرەلگەن چوغ غەزەلدىن،
باغرى نۇرلۇق، ئاتەش، قان، بۈيۈك ئەرنى سىغىندىم.

ۋىسال قۇشۇم قاياققا ئۇچۇپ كەتتى بىلمىدىم،
بۇلبۇل دىلى ئاۋۇنغان شاھ خەۋەرنى سىغىندىم.

دەر نوۋاقى پەسلىمدۇر، ھىجران ئاخىر تەسلىمدۇر،
ئۇمىد قىزى ۋەسلىمدۇر، نۇر كەمەرنى سىغىندىم...!

## 118

ئۆتتى زەپ ئۆمرۈم نادامەت ئىلكىدە،
كۆلمىدىم بىر رەتمۇ ئامەت ئىلكىدە.

سەرۋىدەك بەستىم ئىگىلدى يا كەبى،
تاغ مىسال ھىجرانى قامەت ئىلكىدە.

چۆكمىدىم شەبنەم سۈيىگە گۈل بولۇپ،
سۈكۈناتتا روھ قانائەت ئىلكىدە.

كۆڭلىرىم كۆل بولدى ئەمدى، نەيلەيىن،
كۆزلىرىم قان، ئەسكى ئادەت ئىلكىدە.

باغرى جۇت مۆلدۈرلىرى قەلبىمگە شاد،
ئىشقىگاھىمغا قاباھەت ئىلكىدە.

يانمىدىم ماڭغان يولۇمدىن زادىلا،
زەر يېشىل چۇش بار دەپ تاقەت ئىلكىدە.

بۇ بوۋاقى باغرى ئاتەش تائەبەد،
كۆلگىسى ئىلاھىي سائەت ئىلكىدە...!

**119**

دىلىمدا بىر ئۆمۈر ھىجرى تۈگۈن قالدى،
كۆلۈپ تۇرغان باھار يەڭلىغ بۈگۈن قالدى.

ۋىسال تەشۋىشلىرى شىبقاب ۋۇجۇدۇمنى،
ئۇپۇقتا سىغمىغان مەستانە كۈن قالدى.

گىياھلار چۈشىدە سەن يوق، ئەجەب بولدى،
پېتىپ روھىمغا بەستىڭ، بۇندا تۈن قالدى.

خىيالىم دەشتىدە يۇردۇم تاپانلار قان،
ئۆزۈڭ كەتتىڭ، ئازاب بۇندا پۈتۈن قالدى.

قىيامەت بولدىكى قايىم، نادامەتلىك،
ئىكەنسەن، بەلكى ئامەتلىك، تۈتۈن قالدى.

يىراقتا كەتكىنىڭ كەتكەن سۆكۈت ئىچرە،
نېتەي، باغرىمدا ئەختەردەك زەر كۆن قالدى.

بوۋاقى ئىسىدە سەن ـ سەن، ئەبەد ئەي دوست،
ئۆزۈڭ كەتتىڭ، بۇ قەلبلەردە تۇگۈن قالدى...

**120**

ئاھ، ئەجەب تەگدىڭ جېنىمغا ھەر تامان ئىتتەك قاۋاپ،
ھىيلىدىن كۆڭلى بۇزۇلغان بىر يامان ئىتتەك قاۋاپ.

سىغمىدىم تويماس كۆزۈڭگە زەررە لوقما ئالدىدا،
قويمىدىڭ ھەر يەردە روھىمنى ئامان، ئىتتەك قاۋاپ.

باشلىساڭ شامدا قاۋاشنى، توختىماس ئاتسىمۇ تاڭ.
ئۇيقۇسىز چېھرىمنى قىلدىڭ چىن سامان ئىتتەك قاۋاپ.

ئىتمۇ گاھى جىم ئىدى، ئاغزى دەقىقە ھىم ئىدى،
ئىككى دىلغا تىكلىدىڭ تاغدەك داۋان، ئىتتەك قاۋاپ.

«ئىت، ھۈرەر، كارۋان يۈرەر» دەپ زەر تەسەللى ئىزدىدىم.
بولمىدى ھېچبىر يولۇم سەن بار راۋان، ئىتتەك قاۋاپ.

تاپمىدى كۆڭلۈم ئارام، ئېچىشتى مىڭ بىر دىل يارام،
قانچە رەت بولدۇم قارام، ئىزدەپ نىشان، ئىتتەك قاۋاپ.

تىلىدىم قادىر خۇدادىن بىر جۇدا بولماقنى زەپ،
شەپە يوق، ئەزدى يۈرەكىمنى پىغان، ئىتتەك قاۋاپ.

مەيلى بولغىن ئىت قاۋاپ، ئاھ مەن بولاي ئەل شائىرى،
ئايرىغاي ئالتۇن بىلەن خەسنى زامان، ئىتتەك قاۋاپ...!

**121**

جانغا نەشتەردەك قادالدى مۇتتىھەم،
مۇز كەبى كۆڭلۇمدە قالدى مۇتتىھەم.

تىرنىقىمدىن ئىزدىبان كىر ھەر زامان،
مېنى ھەر كويلارغا سالدى مۇتتىھەم.

كۆزنى يۇمۇپ قۇياشنى يوق دېدى،
«بار...!» دېسەم چاچتىنلا ئالدى مۇتتىھەم.

مورىنى ئاق دەپ جاكار قىلدى داۋام،
«قارا» دېسەم ناغرا چالدى مۇتتىھەم.

غەزىپىنى ئۇ باسالماي زادىلا،
گاھىدا پالۋان ئاتالدى مۇتتىھەم.

مىقلىنىپ تۇۋرۇكىگە ھەقنىڭ ئەجەب،
ئىت كەبى كۇنلەرگە قالدى مۇتتىھەم.

ئەي بوۋاقى، بولمىغاي زەرنى تورسۇپ،
ئۆز جېنىنى ئۆزى ئالدى مۇتتىھەم.

**122**

دوستلىرىم ئەتەڭگە باق، نەۋگە پەۋەس جام كۇلگىسى،
نۇرغا پۇركەنگەن ۋۇجۇدۇڭ روھىي ئەييام كۇلگىسى.

خام خىيال پىشماس قاپاق، ئالىي نىيەت، ئوتلۇق نىشان،
مەنزىلىڭدە تەلمۈرۈپ پەرۋانە ھەم شام كۆلگىسى.

تەنلىرىڭ تەتۈر قۇيۇندىن تىتىلىپ قان بولسىمۇ،
ھەق يولىدىن ئازما ھەرگىز، چاقنار زەر نام كۆلگىسى.

تەقدىرىڭ تەسۋىرگە تەن بەرمەسكە دەۋران سۈرسىمۇ،
ئۆزمە ئەتەڭدىن ئۈمىد، باسقاندىمۇ تام، كۆلگىسى.

سەبرە ـ تاقەت ھەم شىجائەت ئەر دىلىدا نۇر ـ قۇياش،
تايسا ۋىجداندىن كۆڭۈل بولماس پەرى رام، كۆلگىسى.

تىل ـ ھاقارەت، پىتنە، تۆھمەت، گاھ دەرەخنىڭ سايىسى،
ئۆزلۈكۆڭگە تەگمىسۇن داغ، بولما دىت كام، كۆلگىسى.

تاغ، زىمىن، دەريا ـ دېڭىز، قۇياش، ئىجادتىن ئۆزگىسى،
ماغدۇرىدىن كەتتى تەڭرى ئالدىدا خام، كۆلكىسى.

بۇ بوۋاقى، كۆي كۆزىدىن چىقتى بالقىپ بىر سەھەر،
تاپمىسا ۋەسلى نىجادنى، چەرخىي بەدنام كۆلكىسى.

## 123

بەس، تەھدىتىڭنى يوقات، باشىمغا كەلگەننى كۆرەي،
روھ ئېڭىمدا، ئىچى ھەم تاشىمغا كەلگەننى كۆرەي.

جانغا تەسلىملىك ياراشماس ئەلمىساقلاردىن بېرى،
ئال، ئەنە بۇردا نېنىڭ، ئاشىمغا كەلگەننى كۆرەي.

ياش ئەبەد دەريا بولالماس، دىل بالاسى دەشتىدە،
مەيلى مۆلدۈر سوقسۇن، ھەق ياشىمغا كەلگەننى كۆرەي.

دېۋە، جىن ـ ئالۋاستى، شاياتۇننى شىپە قىلمىغىن،
بىر ئۆلۈم بىر جانغا ئاھ، قاشىمغا كەلگەننى كۆرەي!

بىر قېتىم كۈلدۈرگىچە مىڭبىر قېتىم ئۆلتۈرگىنىڭ.
نە كارامەت، بىلمىدىم، باشىمغا كەلگەننى كۆرەي...!

**124**

ئېلىڭنى سۆي، ئېزىز دوستۇم، ئەگەر ۋىجدان كېرەك بولسا،
ئوتىدا كۆي، سۈيىدە ئاق، يېنىشما جان كېرەك بولسا.

ئۇلۇغ ئەجدادىمىز بەرگەن ئۇدۇم پەرۋانىسى بولغىن،
بېشىغا چۈشسە كۈن «مە...!» دە، گۈزەل جانان كېرەك بولسا.

ۋەتەنسىز تاپقىنىڭ ئالتۇن، خىيالدىن ھۆركىگەن يالقۇن،
ۋەتەن ـ قۇياش، بۈيۈك يالقۇن، سۆي، چىن دەۋران كېرەك بولسا.

بولۇپ قالساڭمۇ گاھ رۇستەم، ۋەتەنسىز بىر غېرىب قۇشسەن،
پىدا قىل تەندە بارىڭنى، روھىڭغا قان كېرەك بولسا.

جاھاندا تۇلكىدىن بەتتەر تېپىلماس جانۇ مەخلۇقات،
سۆيەر ئۇۋىسىنى دىلدىن، ۋەتەن سۆي شان كېرەك بولسا.

«رىيازەت چەكمىگەن ئاشىق ۋاپانىڭ قەدرىنى بىلمەس»،
چۈشەن مېھرىنى چىن ئىشقىڭ بىلەن مەردان كېرەك بولسا.

بوۋاقى، ئەل كويىدا بول بىدارى ئۇيقۇدىن مەڭگۈ!
قەلبلەر تۆرىدە چاقناپ كۆلەر جەۋلان كېرەك بولسا.

**125**

ئوزۇق بەردىڭ قەلبلەرگە ئەبەد ئۆچمەس،
سەپەرلەردە بولار مەڭگۈ مەدەت، ئۆچمەس.

سائادەت دىلبىرى چىللار چىلىشلارغا،
بېغىشلار روھقا ئارمانىڭ سەھەد ئۆچمەس.

مېھىر داستانىنى پۈتتۈڭ قېنىڭ بىرلە،
ھەسەتخورنى قىلىپ ئەتلەمە - لەت ئۆچمەس.

ئادالەت مەشئىلىنى چىن تۇتۇپ مەغرۇر،
ئېرالارغا ئېچىپ بەردىڭغۇ بەت، ئۆچمەس.

نادانلىق گۈمبىزىگە ئوت قويۇپ دائىم،
نەۋايى يولىنى تۇتتۇڭ پەقەت ئۆچمەس.

جاھالەت زارى زار يىغلاپ ياقا يىرتتى،
قىلالماي بۇيرۇقۇڭ ۋەياكى رەت، ئۆچمەس.

ئازاب مەيخانىسىنى كەزگىنىڭ چىنلىق،
ئۇنىڭدا ئىچكىنىڭ ئابى شەربەت، ئۆچمەس.

نۇرانە بىر قۇياش نۇرلۇق يۈرەكلەردە،
توشۇيدۇ دىلدىن دىللارغا زەر خەت ئۆچمەس.

سىغىندۇق تۇيغۇ ھىسلارنىڭ بۇلاقىنى،
تىلەپ زەمزەمگىمۇ بەرىكەت، ئۆچمەس.

ئامانلىق ساڭا يار بولسۇن كېچە ـ كۈندۈز،
سەپەر مۇشكۈل، مەنزىلىڭگە يەت، ئۆچمەس.

ۋاپادارلىق يۈرەك باغرىڭدا بىر گۈلخان،
ۋۇجۇدۇڭدا پارلاق ئالىي نىيەت ئۆچمەس.

ئۇنۇتماس ئەل مېھىر نەھرىدە ئاققاننى،
نىجىسلار قىلسىمۇ غەليان، ھەسەد... ئۆچمەس.

تۇغۇلدۇڭ تەڭرىتاغ باغرى ئارا، كۆلدۈڭ،
ياشا ئەلدىن ياغار سەنچۇن مەدەت ئۆچمەس...!

**126**

مۇراد مەنزىلىدە ياندىڭ، مۇھەببەت دىلدا گۈلخاندۇر،
ئۇلۇغ كۈيلەرگە رام قىلغان ئۇلۇغ ئارمانۇ ۋىجداندۇر.

ئۇتۇق مەست قىلمىغاچ دىلنى يەنە مەغرۇر غۇلاچ ئاتتىڭ،
لاۋا باغرىڭدىكى يانغان، ئەقىل ـ ھوش بىرلە جەۋلاندۇر.

ھەقىقەت جامىنى ئۇپتۇڭ، ئىچىپ شارابىنى قانماي،
تومۇرۇڭدا ئېقىپ تۇرغان مەھمۇد باغرىدىكى قاندۇر.

ئەزەلدىن بۇلبۇلى ئاشىق كۆيۈپ گۈلگە زەبۇن بولغان،
ۋەتەن ـ ئەل ئوتىدا ياندىڭ، ئەبەد ئۆچمەس قەدىردانۇر.

مېھىر زەۋقىدە چايقالغان شاراب جىسمىدا سەن پەيدا،
ئىلىم ئىشقىدا جان بەرگەن شىكەستە شاھى مەرداندۇر.

مۆھۈر ئەل سۆزى ئەپكارى گويا تاشلارغا ئويغاندەك،
ساڭا شەۋكەت ئاتا قىلغان ئانا يەر بىرلە ئاسماندۇر.

ئەزىم دەريا ياراتساڭمۇ يەنە ئەل قانمىدى زىنھار،
ئىجاد كۆكىنى نۇرلاندۇر، ساڭا مەڭگۈگە ئىمكاندۇر.

تۆگۈلگەن مۇشتلىرىڭ بىرلە ساختا شۆھرەتنى قىل بىتچىت.
قېنىڭدىن ئۈنگىنى بۇ دەم قىزىل گۈل، بەرقىي رەيھاندۇر.

پىراق ۋەجى يېرىلغان ئوت يۈرەك زىكرىڭدە كۈي كۆكلەر،
ساڭا بەرگەنلىرى ئەلنىڭ تامام ئالىي شەرەپشاندۇر.

ئوغۇل بولماق كېرەك ئەلگە، كېتەر ئۈندىن بەرى يەلگە،
ھالال مېھنەت بۈيۈك بەلگە، رەقىب ئالدىدا قالقاندۇر.

لاۋۇلداپ يانغىنى چوغدۇر، ئۈندا كۆيگىنى سۈمۈرغدۇر،
ئۈنىڭدىن ئۆزگە «مەن - مەن...!» لەر تامام گۈلزاردا يالغاندۇر.

ئامان بولماقنى ئىستەپ دىل بايانغا ئالدى يول شوخ تىل،
بوۋاقى قەلبىدە بىر نۇر قۇياش زەۋقىدە يانغاندۇر.

توزۇپ كەتمەيدىغان گۈلسەن، سۇيى پۈتمەيدىغان كۆلسەن،
ئەۋلاد ئالدىدا ئېيتىشقا يەنە قاي جۈملە قالغاندۇر؟...!

## 127

ئۇلۇغ ئەجدادلىرىم روھىڭ تەپەككۇردا ئايان بولدى،
قەدەھ ئۇيقۇنلىرى چاقناپ گۈزەل تارىخ بايان بولدى.

زېمىندىن كەڭ ئىكەن كۆڭلۈڭ سېخىيلىق بابىدا تەنھا،
جىمى ئالەمگە مېھماندوست بېھىشرەڭ داستىخان بولدى.

شىجائەت چېھرى ئاتەشتەك ۋۇجۇدۇم ياشنىتىپ ھەردەم،
مۇھەببەت ئىشقى دەۋرەپ چىن قىياقلاردا قىيان بولدى.

ئۇيۇق مەڭزىدە «مەڭگۈ تاش» بولۇپ قاتتى قۇياش گويا،
ئىلاھىي قىممىتىڭ يۈكسەك ئىرادە بىپايان بولدى.

قۇغۇرسۇ، سىڭقۇسالى ھەم فارابىي تەڭلىسە دەستە،
يۇسۇپ، مەھمۇد، نەۋايى ھەم نىزارى روھقا جان بولدى.

ئادالەتتىن قەسىر سالدىڭ، دىيانەتتىن سېپىل مەڭگۈ،
مېھىر ئوتلۇق ئىكەن خەلقىم، ۋۇجۇد باغرىمدا قان بولدى.

ئېرىشتىم بارىگە بەرھەق، دېدىم باشىڭدا نەقمەن ـ نەق!
ئىزىڭنى ئاقتۇرۇپ كۆرسەم، تۇگەل دۇردانە كان بولدى.

شۇڭا دىلدىن ساڭا ئاشىق بولۇپ ئۆز ئەلنى كۈيلەيمەن،
ئۇمىدىڭ ئاقلىيالماي گاھ چىرايىم زەپىران بولدى.

بوۋاقى، چىن يىگىت مۇقامىدا سادىق ساڭا مەڭگۈ!
ئېلىپ قولىغا يۈرەكىنى تامان مەنزىل راۋان بولدى...

**128**

بۇرچ تۇيغۇسىدا يانغان يۈرەك مەڭگۈگە ياش تۇرغاي،
بۈيۈك مەركىزىدە قايناپ نۇرى ئەلۋەك قۇياش تۇرغاي.

ئوزۇق ئىزلەيدىكەن بۈركۈت هامان كۆك قەھرىگە شۇڭغۇپ،
زېمىندا ئول بىلەن بىر جان، يەنە بىر تەن قاياش تۇرغاي.

غۇرۇر مەڭزى قىزىل گۈلدەك ئىشقىگاھتىن چىقار مەغرۇر،
ۋىسالدىن چەتنىگەن ھۇقۇش گېلىغا چالما ـ تاش تۇرغاي.

دىلىستان بولسىمۇ لەختە، ھەتتا باش كەتسىمۇ ھەقكە،
يولۇڭدىن يانمىدىڭ شائىر، شۇڭا ئالتۇن ئاراش تۇرغاي.

ئادالەت زۇلپىقارىدا نادانلىقنى قىلىپ بىتچىت،
ئۇلۇغ ئۆزلۈكنى يار قىلدىڭ، كۈلۈپ ۋەسلى قاراش تۇرغاي.

ئالماس كۆننى ھېچ بەندە، قۇچاقىغا سېلىپ رەندە،
داۋام مىكرى ئالامەتلەر بولۇپ ئالدىدا پاش تۇرغاي.

بىدارى ئۇيقۇدىن شائىر، ئەل ـ زۆھرە، ئىشقىدا تاھىر،
ئېسىل نېمەتلىرى بىرلە جىمى ئالەم ئاداش، تۇرغاي.

دىيانەت ئېتىكابىغا چۆكۈپ روھىڭغا مەۋجۇت سەن،
قولۇڭدا باغرى ئوت ئەۋلاد ئۈچۈن دەۋرانە ئاش تۇرغاي.

ئۈپۈق سېھرىدە چۈش كۆرگەن ئانار گۈل ئاشىقىڭ ھەردەم،
سەھەر گۈلشەنىدە بۇلبۇل كۆزىدە قەترە ياش تۇرغاي.

لاتاپەت ئىزدىمەس مەڭگۈ جانان «سالغا تېشى» بۇندا،
ئۇنى باغرىدا كۆلدۈرگەن يېشىل، مەردانە قاش تۇرغاي.

لايىقسەن بەرقىي ھۆرمەتكە، رەقىب ھەم ساختا شۆھرەتكە،
يۈرەكىڭ ئىككى ئالەمگە گويا كۆيرەڭ تۇتاش تۇرغاي.

ئامان بول، ئەي خىزىر سۈپەت بۈزرۈك سەردار تېپىپ ئىمكان،
تەرىڭ تۆك يەنە تىنماستىن، يۈرەك مەڭگۈگە ياش تۇرغاي!

**129**

مەن ئىشقىگاھىمغا دەۋران، دوستلىرىم ھەر يەردىدۇر،
ھەر دەقىق ئالەمچە جەۋلان، دوستلىرىم ھەر يەردىدۇر.

ئۇلغىيىپ ھەسرەت، پىغانىم روھ كۆلىگە شۇڭغۇسام،
بىر قۇياش روھىمغا خاقان، دوستلىرىم ھەر يەردىدۇر.

سۆھبىتى شېرىن دەرەمدۇر، كۆلكىسى باغى ئىرەم،
بىللە بولساق شاھى مەردان، دوستلىرىم ھەر يەردىدۇر.

تىلغا سىغماس تەرىپى ھەم ھەر بىرى داستان ئەبەد،
كۆن ئالالماس بۇندا شەيتان، دوستلىرىم ھەر يەردىدۇر.

يول قويۇش، ئەپۇ قىلىش ھەم سەبرى ـ تاقەت بىزدە جەم،
باش كۆتۈرمەس چەرخ غەليان، دوستلىرىم ھەر يەردىدۇر.

رىشتىمىز مەھكەم چېگىلگەن زەر ئىلاھىي يىپ بىلەن،
مىڭ پىدادۇر بىر ئېزىزجان، دوستلىرىم ھەر يەردىدۇر.

ئۇندا پىتنە ھەم خۇسۇمەتتىن يىراق دىل باغلىرى،
شوخ ئاقار تومۇردىكى قان، دوستلىرىم ھەر يەردىدۇر.

بۇ بوۋاقى ئوت بولۇپ، يانغان يۈرەكنى چاك ئېتەر،
جەم بولارمىز دىلدا ئارمان، دوستلىرىم ھەر يەردىدۇر.

**130**

ئوت بولۇپياندى يۈرەكىم بىر ئىشق تۇپەيلىدىن،
ھاي بېرىپ باقسامۇ قانچە، يانمىدى ئۇ پەيلىدىن.

مەي ئىچىپ مەستانە بولدۇم چاك ئېتىپ باغرىمنى جىم،
دەسسىدىم خوخا ـ تىكەننى، قالمىدى شۇ مەيلىدىن.

بۇ ئىشق قانداق سەۋەبكە باقىي دەپ سورىدىم سەھەر،
ھېچ سادا كەلمىدى ھەتتا شاھى مەشرەپ، لەيلىدىن...

سۇغا سالدىم، روھىناتىمنى ئېلىپ ئوتتىن يەنە،
ئۈزمىدى ھېچبىر ئۈمىد دىل ئۇ نىجاسەت خەيلىدىن.

بوپتۇ دەپ يۈردۈم كىرىپ ئارقىسىغا ئېيتىپ قوشاق،
قورقمىدۇق ھەرنە سەپەردە تەنە ـ دوق ئەزۋەيلىدىن.

كۆپ رىيازەت ئۆتتى باشتىن تاپقىچە ئۆز يارىنى،
ئاخىرى تاپتى بوۋاقى ئامەت، بەخت ـ قۇت سەيلىدىن...!

**131**

ئوت يۈرەك مۇزلاپ بېقىندى بولدى ھىجران ئالدىدا،
تىترىدى روھىي قۇياشمۇ بەلكى ۋىجدان ئالدىدا.

تەلۋىگە تەتۈر ئەمەسكەن كاج پەلەكنىڭ قىسمىتى،
گەر ئېيىقتەك قەد كېرەركەن ئىشقى جانان ئالدىدا.

ياش يۈرەك، يالپۇز سۈيىدىن تاپمىدى ھېچبىر ئارام،
بۇ ھايات، سۆيگۈ مۇقەددەستۇر ھامان جان ئالدىدا.

ئۆتتى ئۆمرۈم ناتىۋانلىق ئىلكىدە ھەسرەت يۇتۇپ،
بىر قەدەھ مەي ئەتمىدىم نوش بارچە ئىمكان ئالدىدا.

شاياتۇن، ئالۋاستى، جىن، شەيتان... ئۆزىنى كۆرسىتەر،
ئۆزلىكىدىن بىمەھەل كەچكەن بىر نىمجان ئالدىدا.

يارى مۇتلەقلىق ئارا بارىمنى تەقدىم ئەيلىسەم،
تەرىپىمنى ئەيلىگەي كىم دەۋرى ـ دەۋران ئالدىدا.

يوق ئىكەن تەڭداشلىقىم، زاھىر ئىكەن بەڭباشلىقىم،
كىملىكىم يۇتكەن بوۋاقمەن، شاھى مەردان ئالدىدا.

مەن كۆكۈل ئېكرانىدا لەيلەپ يۈرەرمەن ھەر دەقىق،
كىمگە يىغلاپ باش ئۇرارمەن گۇلى رەيھان ئالدىدا...!

مۇزلىغان قەلبىمنى ئىللىتماق يەنە مۇمكىنمىكىن،
ئوت ئالارمۇ ھەم يەنە بەرقىي شەرەپشان ئالدىدا...

## 132

كاج پەلەك قىسمەتىدىن رازى ئەمەستۇر ھېچكىشى،
يا زېمىستان دەشتىنىڭ سازى ئەمەستۇر ھېچكىشى.

ئۆز ـويىدا جاننى تەسلىم ئەيلىمەك ھېچ گەپ ئەمەس،
ئەل ئۈچۈن قان تۆكمىسە غازى ئەمەستۇر ھېچكىشى.

قىتىغۇرلۇق باستى دىللار كۆكىنى نەچچە ئەسىر،
شادىمانلىقتىن يىراق ئازى ئەمەستۇر، ھېچكىشى.

ھەممىدىن سۈنئىي باھار پەيزى يۈرەكنى خۇن ئېتەر،
تەكتىدىن ئالغاندا گۈلنازى ئەمەستۇر ھېچكىشى.

يەكلىنىپ قالغاندا دانا ئويغار ئىلاھىم ئۆيىدە،
شۇڭا جۇتنىڭ ھەرنە ئەلپازى ئەمەستۇر ھېچكىشى.

ئەي بوۋاقى، تىڭشا، بىل دىلنىڭ ساداسى نە ئېرۇر؟
گۈلباھارنىڭ ئەركىسى ـ يازى ئەمەستۇر ھېچكىشى.

**133**

تاغ مىسال يۈكنى كۆتۈردى بۇ كۆڭۈل،
تاغ نېمە، كۆكنى كۆتۈردى بۇ كۆڭۈل.

پۇچۇلۇپ دەۋزەخ ئوتىدا تۈن بويى،
سۈبھىدەم تۈكنى كۆتۈردى بۇ كۆڭۈل.

كۆيگىنى كۆيدى ھەم يانغىنى يېنىپ،
گېزى كېلىپ بۆكنى كۆتۈردى بۇ كۆڭۈل.

بىر قۇياشتەك بولغىنىمدا جان ئاياپ،
تەن ئارا «مۆك» نى كۆتۈردى بۇ كۆڭۈل.

بىر ۋاپاسىز قىلسا روھ دەپسەندىسى،
غەمگە بار «چۆل» نى كۆتۈردى بۇ كۆڭۈل.

ئالىمدەك كەتتى پۇراپ غالىب ئۆلۈم،
دەريا ياش «تۆك...!» نى كۆتۈردى بۇ كۆڭۈل.

تويدى ئىسسىق جاندىن ۋەيلۇن بوۋاق،
ئەيىبىم «سۆك» نى كۆتۈردى بۇ كۆڭۈل.

**134**

دىل سىرىڭ بولسا گۈزەل، ئۆز يارغا ئېيت،
دىلدىن ئىشقى، ئېتىقادى بارغا ئېيت.

سەن مىسال ھەسرەت شارابىنى ئىچىپ،
سۈبھىگە بولغان تەسەددۇق زارغا ئېيت.

ساقلىماس نامەرد سىرىڭنى ھېچقاچان،
ئىككى ئالەم بارى مەدەتكارغا ئېيت.

بىلمىگەي شاھ دەردىنى ئۆز قوۋمىنىڭ،
شاھ نېمە، سەندەك ئېزىلگەن خارغا ئېيت.

پىتنە ـ ئىغۋا تۇغدۇرار ۋەيلۇن ھەسەد،
بەس، ئىمكان ۋەسلىدە جانسىز غارغا ئېيت.

ھېچكىشى بىلمەيدۇ دەردمەن دەردىنى،
شۇڭا، ئىشقىڭ بىرلە نازۇك تارغا ئېيت.

ئى بوۋاقى، سىر دېگەن جان يىلتىزى،
ئېيتسالڭ، باغرى ئەل ـ ۋەتەنچۇن نارغا ئېيت!

**135**

كۆڭلۈڭدىكى سىرىڭنى دەپ بېرەمسەن پۇل بەرسە،
رەقىب بەرگەن زەھەرنى يەپ بېرەمسەن پۇل بەرسە.

كېسىپ ئاناڭ چېچىنى، ئېشىپ ئارقان، بوينىغا ـ
كىرىپ رەقىب گېپىگە سەپ بېرەمسەن پۇل بەرسە.

تىرىك سويۇپ دىلبەرنى، تېرىسىدە ياساپ داپ،
رەزىللەرنىڭ تويىغا چەپ بېرەمسەن پۇل بەرسە.

پايدا ئېلىپ ئېنىڭدىن، ئايرىسىمۇ جېنىڭدىن،
ئەل باغرىدىن مەككارغا نەپ بېرەمسەن پۇل بەرسە.

لالما دېگەن يامانۇر، قاۋايدىغان قاۋاندۇر،
ئەڭگۈشتەرنى ئۆلارغا ئەپ بېرەمسەن پۇل بەرسە.

پۇل ـ يىگىتنىڭ روھىنى قۇل قىلالماس ھېچقاچان،
پۇشايماندا «ئاھ ـ ۋاھ... دەپ ـ خەپ...!» بېرەمسەن پۇل بەرسە.

بوۋاقىنىڭ يۈرىكى ئەل ئۈچۈن ھەق سۆزلەيدۇ،
ئەزرائىلنىڭ ئالدىغا كەپ بېرەمسەن پۇل بەرسە؟...!

**136**

يالىقىڭنى ئىت كەبى يالاپ بەرسەم بولامدۇ؟
شاياتۇننى ھەممىشە يالاپ بەرسەم بولامدۇ؟

قىلىپ ساڭا خۇشامەت، شىپپاڭشىتىپ قۇيرۇقۇم،
تۇز بەرگەننى سەھەر - كەچ تالاپ بەرسەم بولامدۇ؟

قان - قان قىلىپ ئانامنىڭ يۇرىكىنى، دوزاختا،
ۋۇجۇدىنى قاقشال دەپ قالاپ بەرسەم بولامدۇ؟

سېتىپ ۋىجدان - غۇرۇرنى، ھەم ئۆچۇرۇپ زەر نۇرنى،
ئېزىز جاننى بىر ساڭا خالاپ بەرسەم بولامدۇ؟

كېسىۋەتسەك تىلىمنى، قىلىپ لەختە دىلىمنى،
ئىزگۇ روھنى قەلبىمدىن پالاپ بەرسەم بولامدۇ؟

رازى قىلاي دەپ سېنى كەلمىگەن بۇ ئالەمگە،
قان - يىرىڭغا تويمىساڭ سالاپ بەرسەم بولامدۇ؟!

**137**

تۇگمە چاغلىق ئىش قىلىپ تۆگىدەك يۇرەرگە كىم ئىدىڭ؟
چىقىپ ئەلنىڭ بېشىغا دەۋران سۇرەرگە كىم ئىدىڭ؟

تاغنى تالقان ھەم چۆلنى بوستان قىلغان باتۇردەك،
ئۇخلىماستىن ھەر دائىم چۇش كۆرەرگە كىم ئىدىڭ؟

پەرھادمىدىڭ يا بىستۇن تېغىنى كېسىپ سۇ تاپقان؟
ئاچ ئېيىقتەك ھۇرپىيىپ قاپاق تۇرەرگە كىم ئىدىڭ؟!

كەتسە كارۋان يىراققا، پېتىپ تەگسىز پىراققا،
قوتۇر ئىتتەك تولغىنىپ ھەردەم ھۇرەرگە كىم ئىدىڭ؟

ئاق سۈت ئەمگەن بەندىمەن، ياخشى - يامان بىلىمەن،
بوۋاقى دەپ ئېتىم بار چىقسام سەپەرگە، كىم ئىدىڭ؟...!

**138**

بولدى قوي، ئۇسرۇق گېپىڭنى، دوست ئىكەن رەقىب ساڭا،
ئەمدى كار قىلمايدىكەن، دوستانە گەپ «تەقىب» ساڭا.

دىل سىرىمنى مىڭ ئىشەنچ ئىلكىدە بەرگەن، پەندىيات!
مەن بىلەن تەڭ ئاھلىساڭ كۆز ياشلىرىم ئېقىپ ساڭا.

گۆرگە تىقماقچى مېنى رەقىب بىلەن تۈزدۈڭ پىلان،
ئەمدى مەن ھېچ گەپ دېيەلمەيمەن قۇلاق يېقىپ ساڭا.

بەرگىنىڭ ئاجىز تەسەللى يۈرىكىمگە تىغ ئۇرۇپ،
بىر نادانكەنمەن، تۇتۇپ كەلدىمغۇ ئىش بېقىپ ساڭا.

شۈنچە يۈزسىز، نەپسىگۈر، تەتۈر قۇيۇنكەنسەن نېتەي!
ئۆتكىنىڭ ئازمۇ جېنى ھەر بەندىگە چېقىپ ساڭا.

شۈندىمۇ تەۋرەنمىدىم، دوستلۇق يولىدىن زادىلا،
ئالدى پالاندى، يۈرەككە مىخ (يوغان) قېقىپ ساڭا.

شۈندا بىلدىم «ھىممەت» نگنى، قىممىتىڭنى مەن ئۇچۇن،
بىر نەسىھەت قىلمىسام بولماس ياقاڭ سىقىپ ساڭا.

ئالدىما، بوۋاقىنى، بولساڭمۇ شەيتاندىن ئۆتە،
ئەمدى دەسسەيمەن بېشىڭغا ھەر زامان چىقىپ، ساڭا...!

## 139

ئىشقى ئوت تەلپىنىدە جانلار نىگاھى قان بۇ كەچ،
دەشتىگاھتا مەن پىيادە، قالدى خۇي ئاز جان بۇ كەچ.

كۆيدى شام تەلقىنىدە جىسمىم ئېراسى بولدى لەت،
چىقتى ھەسرەت كۈي بىلەن دەۋران سۈرۈپ فونتان بۇ كەچ.

بارىدىن بىدارىمەن، روھىمغا مەدەتكارىمەن.
بىر ساڭا چىن يارىمەن، باغرىڭنى ئاچ جانان بۇ كەچ!

ئىپتىخارىم جىلۋىسىدە سۆيگۈ چولپانىن گۈزەل،
ئېيتىمەن كۈيلەپ غەزەل، بىلمەس سىرىم جاھان بۇ كەچ.

ھىجرى يالقۇندا ياتارمەن ئىزتىراپ جامى تۇتۇپ،
مەيزىپىڭ نەدۇر سېنىڭ، قانداق بولاي ئايان بۇ كەچ؟

بىر غۇبارىمنى كۆرۈپ مىڭ تۆكتى ياش پەرۋانىمۇ،
يىغلىدى شاھى سەمەندەر يۇتسىمۇ قۇت ـ شان بۇ كەچ.

ئەي بوۋاقى، چۇشتى سەۋدالىق بېشىڭغا بىر ئۆمۈر،
ھەق يولىدىن يانما زىنھار، چاقسىمۇ چايان بۇ كەچ...!

## 140

قۇياش ھالىم سوراپ بۇ كەچ يۈرەك ـ باغرىمنى خۇش قىلدىڭ،
شاراب ئىلكىدە لەبىبا ـ لەب ئېتىپ ئەسرار بىھوش قىلدىڭ.

ئىدىم ساپ ئىسقامەتتە، ۋىسال ئارزۇسى ـ ئامەتتە،
ئەبەدلىك چىن دارامەتتە كۆكۈل پەيزىنى قۇش قىلدىڭ.

دىيانەت نەزمىسى يازغان يۈرەك يالقۇنجىسا، ھەيھات!
تىلەپ قان بولغىنىمدا يوق، بەلكى سەن تۈشمۈتۈش قىلدىڭ.

قىيامىلار قوچۇلۇپ رەزگى ھىجىر دەشتىدە سەرسانە،
تىقىپ چۈش تىلسىماتىغا، ئادالەتلىك ئۆرۈش قىلدىڭ.

خازان ياپراق ئىدىم ئەسلى، ماڭا بولدۇڭ باھار پەسلى،
ئىكەنسەن خاكى زار نەسلى، بۇزۇپ بارىم قۇرۇش قىلدىڭ.

ئەمەستىم ئاشىقى ئەرۋاھ، ئىدىم پەرۋانىدەك شەيدا،
قېنىم زەردابقا ئايلانغان سەھەر ئەرۋاھپۈرۈش قىلدىڭ.

شاپائەت تەگرىسى بولدۇڭ غېرىب دىل ئېتىكابىدا،
بولۇپ گويا يېڭىلمەس بىر قوشۇن روھتا تۇرۇش قىلدىڭ.

ۋىسال ئۈپقان قەلبتۇر بۇ، ئىدى ئاۋۋال بەرى لاي سۇ،
جىمى ئىغۋالىنى ئىشقىم ئارا چىن ئاغدۇرۇش قىلدىڭ.

بوۋاقى، ئىشقى ئىقرارلىق بىلەن مەڭگۈ ساڭا بەندە...!
ئەبەدلىك چىن دارامەتتە كۆڭۈل پەيزىنى قۇش قىلدىڭ.

**141**

مۇغەننىينىڭ كۈيى بۇندا جاھاننى تىترىتىپ ئۆتتى،
جاھان نەدۇر، ئىشق ۋەسلى جانانى تىترىتىپ ئۆتتى.

ھىجىر دەشتىدە روھ يالقۇن ياساپ تۇغمىش ئازابلاردا،
جانان نەدۇر، ۋۇجۇد كۆركىدە جاننى تىترىتىپ ئۆتتى.

قەسىرسىز بىر بۇلۇتتۇرمەن، ئىمانسىز بىر قۇرۇتتۇرمەن،
جان نەدۇركى، تومۇر قىنىمدا قاننى تىترىتىپ ئۆتتى.

ئۇمىد تارى ئۈزۈلمەسكەن، ئەلەم كۆكى سۈزۈلمەسكەن،
قان نەدۇركى، ئاشىق دىلىدا باياننى تىترىتىپ ئۆتتى.

جۇدالىق چۈشسە باشلارغا، دېڭىز لىق تولدى ياشلارغا،
بايان نەدۇر، كۆڭۈل ئاتلىق ياماننى تىترىتىپ ئۆتتى.

نېدا ئەيلەپ سۈبھىستاندا يۈرەكنى ئەيلىدىم قان ـ قان،
يامان نە، ئۆرتىنىپ تۇرغان كاماننى تىترىتىپ ئۆتتى.

ئىكەنمەن ئەسلىي بىر سەۋدا، بېشىمدا ۋەسلى يوق غەۋغا،
كامان نە، چەرخىي سەۋدالىق داۋاننى تىترىتىپ ئۆتتى.

بوۋاقى، كۆي بىلەن قانچە داۋاندىن ئاتلىدى مەغرۇر،
مۇغەننىينىڭ كۆيى بۇندا جاھاننى تىترىتىپ ئۆتتى.

**142**

ۋۇجۇدۇمنى مۇزلىتار گەپلىرىڭدىن بىزارمەن،
قىممىتى يوق زەررىچە «نەپ» لىرىڭدىن بىزارمەن.

ماڭالمايمەن سەن سىزغان سىزىق بىلەن بىر ئۆمۈر،
غۇچۇرلاتما چىشىڭنى «خەپ...!» لىرىڭدىن بىزارمەن.

يەرۇ ئاسمان سەن ئۈچۈن ياغدۇرسىمۇ تاش ـ توقماق،
روھنى قات ـ قات قورشىغان سەپلىرىڭدىن بىزارمەن.

تەڭداشسىز سەن ئۆزۈڭچە، يېگانىسەن سۆزۈڭچە،
مېنى ئوتقا دەسسەتكەن «نەپ» لىرىڭدىن بىزارمەن.

توڭگۇز قوترار يېنىڭدا، تۈلكە يايرار ئېنىڭدا،
ھەدەپ سالغان «باز - باز» لىرىڭ، ئوڭ - چەپلىرىڭدىن بىزارمەن.

ئىشەنمەيدۇ بوۋاقى، سەن قىلغان شۇ ۋەدىگە،
دېگەن بارنى تاپساق، تەڭ «يەپ» لىرىڭدىن بىزارمەن.

**143**

سېنى سۆيگەنىدىم ئىشقى بالالار دەشتىدە يار دەپ،
كۆزۈم يۇمغاندىمۇ مەڭگۇ دىلىدا مەن يەنە بار دەپ.

ئەجەب دەسلەپ ئىدىڭ بەكمۇ يۇۋاش، خۇشخۇي، نازاكەتلىك،
شۇڭا كۆڭلۈم قۇشى قونغانىدى باغرىڭنى گۈلزار دەپ.

تۇزۇپ روھ تەمبۇرىنى مۇڭ مۇقامغا تەڭشىگەن چاغدا،
نىھايەت، ۋارقىراپ كەتتىڭ «ئۇزۇلدى ئىشقى زىل تار» دەپ.

نادامەت تەختىدە قالدىم، تېگى يوق ئەھدىدە قالدىم،
ئازاب - غەم شەھرىدە قالدىم، سېنى باشىمغا غەمخار دەپ.

ئادالەت تۇغى گۇم بولدى، ئىشق سۇمرۇغى قۇم بولدى،
ئىزىڭغا تەلمۈرۈپ دائىم سەھەر - سۇبھى مەدەتكار دەپ.

ئىپارخانىنىڭ تېنى سەندە تېپىپ ئىمكان كۈلۈپ باقماس،
تۇرۇپ زۇلمەت ئۆزۈڭ شاھى، مېنى بىلدىڭ ستەمكار دەپ.

بوۋاقى، قىلدى مىڭ توۋا، ئىچىپ بۇ ئۆيدە مىڭ شوۋا،
چىقاردى ئاقىبەت غوۋغا، كۆزۈمنى چوقىدى سار دەپ.

## 144

رەزىللەر قۇت تاپقاندا چاۋاك ئۇرار لالىلار،
گۈزەللەر خار بولغاندا رولنى بۇرار لالىلار.

بەز مارىغان مۇشۇكتەك، چاشقان تەشكەن تۆشۈكتەك،
چىۋىن چىققان كۆشۈكتەك سىپسىق پۇرار لالىلار.

مىھنەت بىلەن خۇشى يوق، ئەقلى نەدە، ھۇشى يوق،
دىلى كۆيگەن قۇشى يوق، مۇزلاپ تۇرار لالىلار.

يۇرتىدە ئىجاد يوق، يا قايىنىغان نىجاد يوق،
چۈنكى، باسقان دىلنى دات، يىغلەپ، خورار لالىلار.

قۇرۇق گەپتىن ئۆزگىگە يەتمەس چامى بىر ئۆمۈر،
نومۇس قىلماي لاپ ئۇرۇپ جاھان سورار لالىلار.

سوقۇشتۇرۇپ باشلارنى، ئۇرۇپ باشقا تاشلارنى،
دەريا قىلىپ ياشلارنى، بىر كۈن تويار لالىلار.

ئەي بوۋاقى، ئالىلار لالىلارغا يەم بولدى،
باشقا پۈتمەس غەم بولدى، بىر كۈن قۇرار لالىلار...!

## 145

نەيلەيىن، دەردىمگە دەرمان بولغۇدەك يار يوق ئىكەن،
ئاختۇرۇپ كۆرسەم جاھاننى مەن كەبى خار يوق ئىكەن.

چاچلىرىڭنى كۆندە مىڭ سىلىماقنى ئىستەيتتىم، بىراق،
دىلىمىزدا رىشتە بولغان زەر يىپشىل تار يوق ئىكەن.

يازدا يىغلاپ كۆزگە يەتتىم، قىشقا كىردىم نائىلاج،
قىسمىتىم كاج، چىن ۋىسالغا مەنچىلىك زار يوق ئىكەن.

ياشلىرىم دەريا ياساپ قۇيۇلدى مىڭ ئوكيانغا مەست،
سەندە ۋىجدان، چىن ئەقىدە، ئېتىقاد، ئار... يوق ئىكەن.

كۆننى يىلدەك ئۆتكۈزۈپ، ھىجراننى كۆككە يەتكۈزۈپ،
نالە قىلدىم ھەر سەھەر ئاھ، پەخرى غەمخار يوق ئىكەن.

نەدە يۇردۇم بىلمىدىم، كەتتى پۈتۈم ھەريان تېيىپ،
توزىدى ياشلىق گۈلۈم، روھىممۇ تارىمار، يوق ئىكەن.

بۇ بوۋاقى، ئاشۇ ھالدا نا ئۈمىد بىلەن ھايات،
بەلكى، ئۇندىن ئەتىۋارراق جانغا پەيكار يوق ئىكەن.

**146**

دەردىما، مەن كۆرمىگەن ئىشقى بالالار قالدىمۇ؟
گۈل يىپشىمدىن كۆلمىگەن چەرخىي دالالار قالدىمۇ؟

بىر گۇمان ۋەجى ئىشقىگاھىمغا تۇغ ئاستى جۇدۇن،
ناتىۋانلار پاتتى غەمگە، دىل ئالالار قالدىمۇ؟

ئۇركۇدىم ھەتتا ئۆزۈمدىن، تاڭ ساباسى چىن گۇۋاھ،
بىر جىنىمغا يۇقمىغان مىكرى يالالار قالدىمۇ؟

بەرمەي قوت كەچكەنلىرىم قوشلار دىلىدا ساقلىنار،
ئوت نەپەسلەر قىلمىغان سۆلھى ـ سالالار قالدىمۇ؟

ئاھ، ئىشق ئوتلۇق كىتاب، بار ئۇندا مەپتۇنكار خىتاب،
كۇندە بولدۇم يۇز بىتاب، كۆيگەن تالالار قالدىمۇ؟

ئەسلىدىن سەۋدا ئىدىم، روھىم قۇرۇق غەۋغا ئىدىم،
يا غېرىب ئىغۋا ئىدىم، كۆر كەھرىۋالار قالدىمۇ؟

كەلدى جانغا تەن ئېغىر، بولغاچ ئىرادەم مىڭ يېغىر،
ئۇزۇلۇپ كەتتى بېغىر، ھەي، مۇپتىلالار قالدىمۇ؟

بۇ بوۋاقى بۇندا باغرىن چاك ئېتەر، يىرتىپ ياقا،
دەردىما، ئۇ كۆرمىگەن ئىشقى بالالار قالدىمۇ؟...!

**147**

مېنىڭ ئىشقى دەردىمنى سورايدىغان يەر بارمۇ؟
ماڭا ھەمدەم بولغۇدەك جۇپ ئالەمدە ئەر بارمۇ؟

يۇرەك ـ باغرىم مۇجۇلدى، مېڭەم ئەجەب قوچۇلدى،
قان رەڭ كىتاب ئوقۇلدى، بۇ دۇنيادا پەر بارمۇ؟

كۆرمىشلىرىم ئاجايىپ، كەچمىشلىرىم غارايىپ،
مەن گويا بىر قارا يىپ، شەمشەر بارمۇ، زەر بارمۇ؟

غەمگە پاتقان بېشىم بار، ئېقىپ پۇتمەس يېشىم بار،
زەھەر تۇزى ئېشىم بار، دىلبەر بارمۇ، تەر بارمۇ؟

ئەجەب كۆڭلۇم بۇزۇلدى، رىشتە يىپى ئۈزۈلدى،
ھىجران تىغى سۇزۇلدى، كەپتەر بارمۇ، كەر بارمۇ؟

بوۋاقى زەپ پاتمىدى، ئۇخلاپ بىغەم ياتمىدى،
ئۇنىڭ ئىشقى دەردىنى سورايدىغان يەر بارمۇ؟!

**148**

نەس غەرەز ئىلكىدە گۈل جان قىينىلىپ مىڭ پارىدۇر،
ئەزدى ھىجران بار ۋۇجۇدۇم، مەندە يوق ھېچ چارىدۇر.

ئىشقى زەخمەتلەر يۈرەككە ئۇرسا مەلئۇن نەيزىنى،
ئاڭا يار ۋەسلى بىلەن سۈبھىدە زەمزەم دارىدۇر.

ھەر قوۋۇرغام جەزبىدە يانسا شەپەقنىڭ زەر نۇرى،
غەمنى سۆزمەككە دىلىمدىن ئۇ پولاتتەك ئارىدۇر.

ئېقى ئاق، قارىسى قارا شەھلا كۆزۈڭدە ئوت ـ ئۈمىد،
مىڭ پىراق تۈنلەردە ئۇ دىلىغا ھەمدەم يارىدۇر.

ھۆل ئىدىم، كەتتىم قۇرۇپ ھەم گۈل ئىدىم، كەتتىم توزۇپ،
دەردنى ئۇ يۈرمەس سوزۇپ، ئەقىدە چىن غەمخارىدۇر.

نى بالالار بولدى، كۆڭلۈم ئىشقى سەۋدالار بىلەن،
باتۇر بوستاندا يۈرۈپمۇ ھەر تامان مۇڭ زارىدۇر.

تاپقىنىم يوقتۇر ئىلاج، ھەر يانغا باقسام ئەھلى كاج،
قىلدى زەپ تالان ـ تاراج، تەلپۈنۈشىم ئاۋارىدۇر.

بۇ بوۋاقى شۇندىمۇ ئۇزمەس ئۇمىدنى ئەتىدىن،
گۇل سۈيى ئىزدەپ ئېرادىن تاڭ بىلەن سەكپارىدۇر.

**149**

جان نېمە، كەلگىن بۇ دەم، باھارىستانغا ئوت كەتتى،
چۇچۇل بولغاندا سۇبھىلەر نېتەي، گۇل جانغا ئوت كەتتى.

نەپەسلەر سەلكىنى ئىشقى ھەۋەسلەردىن ئۆتۇپ بىر - بىر،
تومۇرلار شەھرىدە يارەب، شۇۋۇلداپ قانغا ئوت كەتتى.

ئۇپۇشلار سىغمىدى تەنگە، كۆيۇكلەر قول بېرىپ ئەنگە،
شەپەق مۆككەندە گۇلشەنگە، غېرىب ھىجرانغا ئوت كەتتى.

نىھايەت، چاقنىدى كۆزلەر، ئىشق تونۇرىدا سۆزلەر،
تالاشتا قالمايىن بۆزلەر، يېشىل دەۋرانغا ئوت كەتتى.

سەمەندەر مۇندا مىڭ بولدى، يېشىل ئوتقا ئىجىل بولدى،
ھىلال دەۋرەپ خىجىل بولدى، تامام جانانغا ئوت كەتتى.

تىرىلدى پەخرى پەرھادلار، شەبىستان باغرى شىرزاتلار،
مۇھەببەت شۆھرىتى پۇتكەن يېگانە شانغا ئوت كەتتى.

يولىدىن يانمىدى ھېچكىم، سۆيۇككە قانمىدى ھېچكىم،
روھىدىن تانمىدى ھېچكىم، زەرىستان كانغا ئوت كەتتى.

بوۋاقى، ئوتقا ئەل بولدى، كۆيۇپ مەردانە تەل بولدى،
كەل ئى دىلبەر، قولۇڭ بەرگىن، بۇيۇك داستانغا ئوت كەتتى...!

## 150

مېنى ئوتقا ئىتتىرىپ ئاھ، سۇ چاچامسىز بەگچىكىم،
ئۆزىڭىز ئوتتىن يىراق، تەنها قاچامسىز بەگچىكىم؟

ئوت دېگەن ئالەم تىلى، قۇت مەنزىلى، جانىنىڭ گۈلى،
ئوت دېگەن ئىلاھ دىلى، سۆھبەت ئاچامسىز بەگچىكىم.

كۆيدى تەن، كۆيدۈرىدۇ ۋەتەننى دەپ ھوشتىن كېتىپ،
مۇز داۋانلارغا يېقىپ لەۋ شاد باقامسىز بەگچىكىم؟

قۇتنى ئىزدەپ جۇتنى تاپقاندا كۆڭۈل ۋەيرانىدۇر،
دىلىڭىزغا داتلىغان قوزۇق قاقامسىز بەگچىكىم؟

ئۆزىڭىز روھىي ئوزۇقتەك شۇنچە بەرنا، ئۇز، سەتەڭ،
ئېرىقىدا بەدنىيەتنىڭ شوخ ئاقامسىز، بەگچىكىم؟

سىزدە ئىستەك زور ئىدى، قەلبىم تامام مەنزۇر ئىدى،
دىلدا ئوتلۇق خور ئىدى ھەم مۇز ياقامسىز بەگچىكىم؟

زەپ ئۇمىدسىزلىك بوۋاقى ۋۇجۇدنى چۇلغىدى،
بىر سەمەندەر تۇرسا ھۇۋقۇش گۈل تاقامسىز بەگچىكىم؟

## 151

كىمگە تالىق يار ئىدىڭ، كىملەرگە قالدىڭ بەگچىكىم؟
قوش پىچاقنى نە ئۇچۇن باغرىڭغا سالدىڭ بەگچىكىم؟

مىڭ پۇشايمان، ئۆرتىنىش باغرىڭنى ھەر دەم ئۆرتىسە،
بۇ قەدەمنى نە ئۇچۇن مەردانە ئالدىڭ بەگچىكىم؟

جاندىن كەچتىڭ، ۋە لېكىن ھەي، يەتمىدىڭ جانانغا سەن،
ئويلا، سۆيگۈ بابى ئىچرە كىم ئاتالدىڭ بەگچىكىم؟

ۋادەرىخ، بارىڭ غېرىبلىق باستى، بۇ دەم مەن نېتەي،
بەلكى لەنەت تۇۋرۇكىگە چىڭ ماتالدىڭ بەگچىكىم...!

سېنى ئارزۇلاپ يېنىڭدا بولدى، پەرۋانە كۆڭۈل،
كۆيلىرىڭنى كىم ئۇچۇن نەلەردە چالدىڭ بەگچىكىم؟

سەن كەبىيلەر ھەر زامان ئىچتى پۇشايماندا شاراب،
گۇل جېنىمغا بىر يامان ئوقتەك قادالدىڭ بەگچىكىم...

بۇ بوۋاقى، مەي ئىچىپ، ۋەسلىڭنى زىنھار ئۇنتۇماس،
كىمگە تالىق يار ئىدىڭ، كىملەرگە قالدىڭ، بەگچىكىم؟...!

**152**

دوقمۇشىدا ھاياتنىڭ ئېزىپ كەتكەن ئادەممەن،
شورلىمىغان مەش كەبى قىزىپ كەتكەن ئادەممەن.

يۇمۇۋېلىپ كۆزۈمنى، خاقان چاغلاپ ئۆزۈمنى،
ئۆتكۈزەلمەي سۆزۈمنى تېزىپ كەتكەن ئادەممەن.

ئىلماي كۆزگە ھېچكىمنى، ئۇنتۇپ ئاتا، ئېتىمنى،
تۇزۇپ تۇمەن بېتىمنى، تېزىپ كەتكەن ئادەممەن.

ھىيلە ـ مىكىردىن ياساپ تاغ، يۇرىكىمگە جوغلاپ داغ،
دەپ بۇلبۇلنى ھۆپۈپ ـ زاغ، يېزىپ كەتكەن ئادەممەن.

مال ـ دۇنياغا تويماستىن، ئەلنى ئامان قويماستىن،
پەس نىيەتكە ئەگىشىپ سىزىپ كەتكەن ئادەممەن.

ئۆز چۆلىمدە قىيغىتىپ، ياۋا ئۇجمە ئېغىتىپ،
جاھاندا يەك سەيياھدەك كېزىپ كەتكەن ئادەممەن.

رەمبال بولۇپ گاھىدا، دەللال بولۇپ سايىدا،
قۇت گۈلىنى بىراۋ چۇن تىزىپ كەتكەن ئادەممەن.

ئەي بوۋاقى، تۇزەلگەن ئەلا ئەبەد ئالتۇندىن،
تۆرەلگەنسەن يالقۇندىن، ئېزىپ كەتكەن ئادەممەن.

ئاھ ئۇرمىغىن بۇ كۇنلەر ئۆتۈپ كېتەر بىر يولى،
دېمە: «دىلنى بازغاندا ئېزىپ كەتكەن ئادەممەن...!»

**153**

تارتىش بۇيۇك پەزىلەت چىن گۈزەلىنىڭ دەردىنى،
بىر جۇپ يۇرەك جۆر بولغان ئوت غەزەلىنىڭ دەردىنى.

گۈزەل دېمەك ئەل دېمەك، پۇتمەس يېشىل ھەل دېمەك،
تارتىپ ئۆتەر چىن ئاشىق ئۇلۇغ ئەلىنىڭ دەردىنى.

ئۆز كويىنى كويلىغان، ئۆز نەپسىنى ئويلىغان،
تارتار بىر كۇن ئاھ ئۇرۇپ سېسىق يەلىنىڭ دەردىنى.

ھايات دېمەك قۇت دېمەك، يۇرەكتىكى ئوت دېمەك،
سۆيمىگەن ھەم كۆيمىگەن تارتار ھەلىنىڭ دەردىنى.

ئۆتۈپ كېتەر ھەممىسى مۇھەببەتتىن يىراقتا،
تارتىش گۇناھ ئەمەسمۇ بىئەجەلنىڭ دەردىنى؟

ئۆتسە ئۆمرۈڭ ئىجاتتىن نىجاد ئىزدەپ، كېرىپ قەد،
تارتىش نېمە ئۇھسىنىپ شۇم ئەجەلنىڭ دەردىنى؟

بوۋاقى، شاد ياشىغىن قۇچىقىدا دىلبەرنىڭ،
نېمە بولساڭ جان دېگىن، ئۇلۇغ ئەلنىڭ دەردىنى...!

## 154

يېشىل نەۋنىڭ يېپىدىن تۆرەلگەن زەر ئەن يىپەك،
ئېرالاردىن ھالقىغان ئەبەد ئۆڭمەس تەن يىپەك.

ئەجدادىمنىڭ قان ـ تەرى، ئەتىۋارلىق گەۋھەرى،
دىلدىن سۆيگەن چىن پەرى، ئىپتىخارى سەن يىپەك.

ئاچقان بۇيۇك يولۇڭ بار، باغرىڭدا ئوت يالقۇنجار،
سازلىرىمدا ئۇمۇش تار، يېگانە بىر پەن يىپەك.

ياۋروپادىن چىنغچە سوزۇلغانسەن تومۇردەك،
دېھلى، كابۇل، تېھراندا چاقنىغان گۇلشەن يىپەك.

مۇشكۇلگە بوي ئەگمىگەن، ھېچكىم دىلىڭ چەكمىگەن،
سوغۇق نەزەر تەگمىگەن، دىلدىكى ۋەتەن يىپەك.

تاغدىن ئۇستۇن ھىممىتىڭ، مۇھەببەتتۇر قىممىتىڭ،
سىغماس تىلغا نېمىتىڭ، خۇش پۇراق بەدەن يىپەك.

ئەجدادىمىز ئىجادى، ئېتىقادى، ئىجادى،
دەر بوۋاقى: «ۋارىسى، گۈللىتىمەن مەن يىپەك...!»

**155**

ماڭا ئىشقىڭ قارارگاھى ۋەتەن بولدى،
ئىزىڭ دەۋرىيلىكى روھىمدا ئەن بولدى.

يىراقىڭ ئىلكىدە سايراپ غېرىب قۇشتەك،
كۆزۈم سۇرمەككە دىل خاكىڭ ۋەسلى تەن بولدى.

ئەجەبكىم، قىلدى ئىت گاھى ۋېدا ـ ھىجران،
ئەقىدە ۋەزنى زەر تاغكەن، بەلكى پەن بولدى.

ياتارمەن ئاھ ئۇرۇپ، مۇلكىم ئازاب ـ ھەسرەت،
قۇچاقلارغا خىيال دەشتىم بەدەن بولدى.

كېچىپ تىلدا، دىلىمدىن ھەق كېچەلمەيمەن،
سېنىڭ خۇپسەنلىكىڭ ئۆتتى، بەلەن بولدى.

نادامەت تەختىدە ئاشىق ماڭا يەتمەس،
يىغان ئەرمەكىگە باغرىم چىمەن بولدى.

بوۋاقى، سۇندى زەر نۇردەك قەدەھلەردە،
ئەبەد ئىشقى دارامەتلەر لەۋەن بولدى.

**156**

ھەر كۆڭۈلنىڭ ئۆزگىچە ئۇنلەيدىغان سازى بار،
ھىجران ئۇپقان سەھەرنىڭ سىغىندۇرغان ئازى بار.

ئۆكۈنمىگىن ھەسرەتتىن، قىچىپ يىراق نۇسرەتتىن،
مەغرۇر تۇت گۈل بېشىڭنى، سورايدىغان قازى بار.

ئاغرىتقاندا دىلبەرلەر ئوت دىلىڭنى، ئۇرما ئاھ!
دىلبەرنىڭمۇ دېڭىزدەك تاشقىنلىغان نازى بار.

چۈشكەندىمۇ شېھىدلىك ئېراسىغا، يۈكۈنمە،
تاۋۇتۇڭنى كۆتۈرۈپ يىغلايدىغان غازى بار.

جۇتتا باغرىڭ تىلىنسا، ھەتتا خەنجەر سىلىنسا،
يوقاتمىغىن ئۆزۈڭنى، پەسىللەرنىڭ يازى بار.

يېگانىلىك روھىڭنى پاكلايدىغان زەر پۇرسەت،
ئەي بوۋاقى، سەن بىلەن مۇڭداشقۇدەك دازى[1] بار...!

**157**

قىلدى زەپ جانغا ئەلەم قۇتراتقۇلۇق،
ئىگرىدى ئوتلۇق قەلەم، قۇتراتقۇلۇق.

تۇغدۇرۇپ كۈندە زابال، تۈندە ئازاب،
ئەتتى روھنى غەمگە يەم قۇتراتقۇلۇق.

ئەسلىدىن تىنچلىقنى خالايتتى كۆڭۈل،
قىلدى بار ھەسرەتنى جەم قۇتراتقۇلۇق.

پاك ۋۇجۇدلار چاكى ـ چاك غەمخانىدۇر،
قويمىدى مىسقال دەرەم قۇتراتقۇلۇق.

---

(1) دازى: غەمداش، مەسلەكداش، دىلداش.

قان ـ قېرىنداشنى رەقىب ـ ياۋ ئەيلىدى،
سالدى گۈل باشلارغا دەم، قۇتراتقۇلۇق.

كەتتى يۈز ئۆرۈپ غېرىبتىن گاھىدا،
دىل خىرە بولسا سەنەم قۇتراتقۇلۇق.

چىقىمدى گاھى قۇياشمۇ دومسىيىپ،
بولغىنىدا شۇم بېشەم قۇتراتقۇلۇق.

دەيدۇ بوۋاقى: «ئىكەن ئۇ نەس مادا،
قاچ ئۇنىڭدىن مىڭ قەدەم...!» قۇتراتقۇلۇق.

**158**

بولدى قاقشال روھ ـ راباتىم، جان ئارامى بەرمىدىڭ،
باسسا ھىجران زۇلمىتى، دەۋرانە شامى بەرمىدىڭ.

كۆلكىلەر كۆكلەمدىكى مىسلى خازاندەك يۇمدى كۆز،
چاكى ـ چاك بولدى لېكىن، شەربەتۇ جامى بەرمىدىڭ.

بىر قىياق ۋەزنىدە مىڭ ئىشقى قۇياشنىڭ جىلۋىسى،
ئۇندا كۆڭلۈم بولسا خۇش، ۋەھدەت قىيامى بەرمىدىڭ.

كۆرگىنىم داستان ئازاب، باغرىمدا يىلاندۇر گويا،
ئۆچسە پەرۋايىڭ پەلەكمۇ روھى نامى، بەرمىدىڭ؟

كەچمىشىم مىڭ كەچتىمۇ پۈتمەيدۇ ئەسلا سۆزلىسەم،
سالدىمۇ شۇ كويغا دىلبەر ئىبلىس دامى، بەرمىدىڭ...!

ئۆزمىدىم پەخرى ئۆمىدنى ئۆرتىنىپ، ئۆكسۆپ تۇرۇپ،
دەيدۇ بوۋاقى: «مۇكەممەل ئىشق نامى...» بەرمىدىڭ!

**159**

قۇرۇپ جان يىلتىزى ھەردەم دىلىم كۆيدى،
ھىجىرگاھتا ۋۇجۇد ـ تەن، شوخ تىلىم كۆيدى.

چىغىر يوللار ئىراسىدا خازان ياپراق،
قاراسلاپ غول ـ نادامەتتە تىلىم كۆيدى.

ئىشق زۇلمەتىدە روھىم ئۆكۈپ، ئۆكسۈپ،
داۋانلار دورغىسى بولسام بىلىم كۆيدى.

نادانلار تەڭلىگەن جامغا لىۋىم تەگسە،
ۋىسال تىترەپ قاراقىمدا گىلىم كۆيدى.

ئۆزۈمنى ئەتىگە باغلاپ ياشاپ كەلدىم،
ئۆمىدتىن ئۈركىسەم ئاھ، مەنزىلىم كۆيدى.

بەخت ئەيىيامىغا چۆكمەك ماڭا ئارمان،
بوۋاقى دەر: «ئەجەب بىچاغ دىلىم كۆيدى...»

كىمىڭدىن شادلىنىپ كىمدىن يامانلايمەن،
ئىكەن شۇنداق پىشانەم، روھ، مىلىم كۆيدى...!

**160**

قىلىپ كۇل ـ كۇل باغرىمنى خار ئەيلىدىڭ شەھلا كۆز،
كېچە ـ كۈندۈز ۋەسلىڭگە زار ئەيلىدىڭ شەھلا كۆز.

ئۇپۇشلىرىم زەر ئىدى قارارگاھىڭ بەندىسى،
ئون سەككىز مىڭ ئالەمنى تار ئەيلىدىڭ شەھلا كۆز.

بولۇپ باغرى كۆيۈك شام كۇنلىرىمنى ئۆتكۈزدۇم،
ھىجران، ئازاب ـ ھەسرەتنى يار ئەيلىدىڭ شەھلا كۆز.

يوللىرىڭغا باقارمەن، تېنىم يەرگە ياقارمەن،
غەم ئېقىنىدا ئاقارمەن، بار ئەيلىدىڭ شەھلا كۆز..

چاچلىرىڭنى بويىغان كىيىك كۆزى قارىقى،
ئاتەش ـ ئاتەش نەپەسنى دار ئەيلىدىڭ شەھلا كۆز.

بوۋاقى، ئوت ئىچىدە كۆيۈپ پۈتكەن سەمەندەر،
ئاھ، ئىشقىڭغا بىر ئۆمۈر كار ئەيلىدىڭ شەھلا كۆز...!

**161**

نېسىپ بولار قاچان ئاھ، يېشىل ۋەسلىڭ قارا كۆز؟
تۆرەلگەنمۇ ۋىسالدىن بارى نەسلىڭ قارا كۆز...!

قالدىم بەكمۇ يىراقتا، چۆكۈپ ئىشقى پىراقتا،
باردىم، دىلىم شىراقتا، قايان پەسلىڭ قارا كۆز؟

پەرىزاتمۇ يا كىيىك، بىلەلمىدىم زادىلا،
يارالمىشتا ئەزەلدىن بۈيۈك ئەسلىڭ قارا كۆز؟

قاچان بەردىڭ سەۋدالىق، ھەر قەدەم مىڭ غەۋغالىق،
ئۆتتى جاندىن تەنھالىق، قايان ۋەسلىڭ قارا كۆز؟

**162**

روھى قۇتلۇق مەنزىلگە باشلار ئەبەد يېشىل نۇر،
مەردانىگە چىن دىلدىن بىرەر مەدەت يېشىل نۇر.

بۆسۈپ مەغرۇر تۇمانىنى، سۈرۈپ ھەر يان گۇمانىنى،
پايانىدا ھاياتنىڭ ئاچار زەر بەت يېشىل نۇر.

يۇلۇپ ھىجران چىشىنى، ئۇرۇپ تاشقا بېشىنى،
دەريا قىلىپ يېشىنى، قازار لەھەد يېشىل نۇر.

يېقىپ لەۋنى ۋىسالغا، بېرىپ نەۋنى ھىلالغا،
بولماي بەندە خىيالغا تىلەر سەھەد يېشىل نۇر.

ئېتەر مەغلۇب توساقنى، زار ـ زار قىلىپ دوزاخنى،
يازار دىللار بېتىگە ئىلاھىي خەت يېشىل نۇر.

دىلبەرلەرنىڭ نىگاھى چاقنار ئۇندا قۇياشتەك،
تۇغار ئىشقى دىللاردا پاك مۇھەببەت يېشىل نۇر.

ئاشىناسى بوۋاقى، باشپاناھى، چىراغى،
دىلدىن تاشار پىراقى، ئۇپماس ھەسەد يېشىل نۇر...!

كىمكى ئۇنىڭ بەندىسى، بولماس نەس گال رەندىسى،
تەۋەررۇكتۇر جەندىسى، سۇبھى پەقەت يېشىل نۇر...!

**163**

يىراقتا قالدى دىلبەر ـ روھ، ئەبەد ئىشقى ئامان بولسۇن،
پىراقتا چالدى ھىجران داپ، ۋىسال دىلدا يامان بولسۇن.

ئايرىلغان جان ئازاب مەيخانىسىدا جام ئۇپسىمۇ ھەردەم،
جۇنۇن دەۋرەشلىرى شىبقاپ، پىغان دەشتى سامان بولسۇن.

سەھەر گۈلشەنىدە بۇلبۇل تېنىدەك نەۋ ئۇمىد بىرلە،
ئۇرۇپ مۇشكۇلگە زەۋقىنى ۋۇجۇد دەرگاھى قان بولسۇن.

قۇياش دۇردانىسى تۇنكەش ئېرا باغرىنى خۇن قىلسا،
ۋىسال يامغۇرلىرى چۇشكەن شەبىستان ئىچرە دان بولسۇن.

سۆيۈك مەيزاپلىرى چاقناق ھىلال خالىنى ئەسلەتسە،
مېھىر دەرياسىدا ئۈزگەن بېلىق جىسمىدا كان بولسۇن.

ئىلاھ دەۋرانىدا گۇل جان قۇرۇپ قاقشالغا ئايلانسا،
قىيام موھتاجلىقى سەۋدا خىيالدەك زەر قىيان بولسۇن.

بوۋاقى تەلمۇرۇپ ھەريان ۋىسال ئىزدەيدۇ دەملەردىن،
ھىجىر بۇ دەمدە غەۋغالىق، سەھەردە رامىزان بولسۇن...!

**164**

ئىزتىراپ ۋەجى ۋىسالگاھ بەرگىدە ھەسرەت ـ ئەلەم،
يورغىلايدۇ دىل بېتىدە ئەركىلەپ نازۇك قەلەم.

چەككىنىم دىل تارىدۇر، ھەردەم ناۋا سەكپارىدۇر،
قۇشقا تەققاس يارىدۇر، ئىمكاندا ئۇنلەپ زەر ئەجەم.

بىداۋالىق ئىلكىدە بەرقىم قومۇش پۆپۆكىدۇر،
ئىشقى ئەسرارلىق يامانكەن، قالمىدى باغرىمدا نەم.

تەركىي ھىجران ھەر سەۋەبلەر چەرخىيدە سويلاپ قوپال،
مەن غېرىبنىڭ ئېتىكابىغا بولار مەردانە جەم.

ياشلىرىم يامغۇرنى لال قىلغان سەھەرنى ئەسلىسەم،
مىڭ دېڭىزنىڭ دولقۇنىدا بىر ئازابتۇر مۇتتىھەم.

باغلىرىم پەرۋازى يوق، دەۋران باھارنىڭ نازى ھەم،
ئوت ئېرا پايانىدا، يىغلامدىكىن مەشۇق سەنەم؟

ئەي بوۋاقى، قىينىما جاننىڭنى سەۋدالىق بىلەن،
بىر يېشىل تەر ئۇپمىسا بولماس ھاياتتا نەھرى تەم!

**165**

دىل كۆزۈمنىڭ گۆھىرى، قاراقى مۇنبەت تۇپرىقىم،
گۈل زېمىننىڭ سەرسەرى، بەرناسى نۇسرەت تۇپرىقىم.

سەن بىلەن يەتكەندى نۇرانە مەنزىلگە تامام،
دىلدا فونتان، تىلدا داستان چىن مۇھەببەت تۇپر.قىم.

سەن بىلەن مەھمۇد، يۇسۇپ يۇرگەندە قەددىنى كېرىپ،
ئاچتى سەنئەت باغىدا شاھانە زەربەت تۇپرىقىم.

نەۋ ئېتىپ شەيدا نەۋايى ئاق سۇتۇڭ قىلغان ئادا،
قۇم، تېشىڭ، شور، داڭگىلىڭ ئالەمچە سەنئەت تۇپرىقىم.

باغلىرىڭدا مىڭ بېھىش ھەم تاغلىرىڭدا نۇر ـ سۈكۈت،
گۈل جامالىڭ جىلۋىسى نۇر شاھى ئەبەد تۇپرىقىم.

سەن ئۆچۈن كەلدىم جاھانغا، كەتمىكىم ھېچ گەپ ئەمەس،
تەختۇ بەختىم، ۋەسلى ئەھدىم، پۈتمەس مەدەت تۇپرىقىم.

ئەي بوۋاقى، ئانا يۇرت ـ ئەلنىڭ پىراقى چىن قۇياش،
بارلىقىڭ، ئىمكانلىرىڭدا ئۇ يەك ھۆججەت، تۇپرىقىم...!

**166**

ئىشقىڭ دەريادۇر دىلىمدا، ئەي ئاناجان تۇپرىقىم،
تاشلىرىڭدا چاقنىغاي ئالەمدە يەك شان تۇپرىقىم.

يىلتىزىسەن، زەر ئىزىڭمەن، دىل سېزىڭمەن تائابەد،
يۇلتۇزۇمسەن، تەم ـ تۇزۇمسەن، بارى دۇركان تۇپرىقىم.

گاھ يېشىل شاھى گىلەمسەن، ئوت ۋۇجۇد لال ئەيلىگەن،
تېپىلار سەكراتتىكى مىڭ جانغا ئىمكان تۇپرىقىم.

سۇلىرىڭ شەربەت، جېنىمنى مىڭ ئېلىپ ياندا قويار،
زەر بۇلاقىڭ ھۆر كۆزىدەك ئۇپسا داستان تۇپرىقىم.

بۇندا بۇركۇت، ھەر گىياھ، روھىي ئەبەد ئۆڭمەس زىياھ،
ئۇندا... «ئۆزھال»... «پەنجىگاھ»... «ناۋا» ئىي جانان، تۇپرىقىم.

ئۇندا بۇغدا، بۇندا سايرام، ئۇندا لوپنۇر ھەم تۇمەن،
كۆل بويىدا ـ نەھرىدە چىن ئىشق ـ كۇي بايان، تۇپرىقىم.

تاغ ئېتەر سېھرىن ئايان ھەم باغ ئېتەر قىسسە پايان،
مىليون سىر ـ ھېكمەتكە باي قۇم ـ تەكلىماكان، تۇپرىقىم.

بۇ بوۋاقى ھەر نەپەس ئىشقىڭ ئارا پەرۋانىدۇر،
ئەتە ئىقبالىڭ گۈزەل بۇندىن، بول ئامان، تۇپرىقىم!

**167**

تەۋرىتىدۇ جاھاننى بىر قولىدا ئانىلار،
مۇشكۈل داۋان بولسىمۇ ئوڭ ـ سولىدا ئانىلار.

بىر قولىدا ئىنساننىڭ ئۇدۇم قالغان بۆشۈكى،
لال ئېتىدۇ پەرىنى ھوسۇلىدا ئانىلار.

كۆتۈرىدۇ دۇنيانىڭ تامام پۈتمەس غېمىنى،
تاغ ـ تاغلارنى كۆتۈرگەن زەر دولىدا ئانىلار.

ئېزىپ كەتمەي قەد كېرىپ ماڭار مەغرۇر بىر ئۆمۈر،
گۆشنى ئادەم قىلىشنىڭ ھەق يولىدا ئانىلار.

ئانىلارسىز ئەتىمىز سىغماس ئەسلا ئەقىلگە،
روھنى بەردەم ئەيلەيدۇ «ئوكۇل» ىدا ئانىلار.

ئانا ۋەتەن ئوغلىدۇر، ئاتەش يۈرەك بوۋاقى،
بۈيۈك مىللەت يىلتىزى ھەم غولىدۇر ئانىلار...!

**168**

ئىزتىراپ دەشتىدە بەردەم چىن قۇياشتۇر ئاتىلار،
بەلكى، ئىقلىم قارچۇقىدا چەرخىي ياشتۇر ئاتىلار.

قامىتى تاغدىن بۈيۈك ھەم ئامىتى ئىشقى سۆيۈك،
روھىي گۈلخاندەك كۆيۈك بارى تۇتاشتۇر ئاتىلار.

جىسمى سۆكۈت ئىلكىدە تۇرغان بىلەن باغرى يېرىق،
گاھ ئاناردەك مىققىدە «يېرىلىڭ تاش» تۇر ئاتىلار.

ئەۋلادلارنىڭ يىلتىزى ھەم نۇر ـ قۇياشى بىر ئۆمۈر،
ئەرشى ـ ئەركاندىن ئاشار مەردانە باشتۇر ئاتىلار.

ئەگمىگەن مۇشكۇلگە قەد، تاپقاندىمۇ ھىجران مەدەت،
باقمىغان زارلاپ پەقەت، تاغقا ئوخشاشتۇر ئاتىلار.

ئەجداد ئاتەش ۋارىسى، مەڭگۇ يۈرەكنىڭ پارىسى،
بار ھەر ئازاب ـ دەرد چارىسى، سەپلەردە باشتۇر ئاتىلار.

ئاتا بولغان ئاتلىناركەن جەڭگە ـ جەڭگاھقا تامام،
چىن ھاياتلىق باغرىدا ئالىي قاراشتۇر ئاتىلار.

ئەي بوۋاقى، بولسا رازى چىن ئاتا، ئەل رازىدۇر،
دىل كۆكىڭنىڭ تەختىدە پەخرى قۇياشتۇر ئاتىلار...!

**169**

يارالمىشتىن تامام ئالەم سۆڭەك لوقمىغا چىن قۇل ئىت،
يۈزىدە تۈكلىرى دەۋرەپ ياسار ھەريانە ئۇسۇل، ئىت.

گېلىدىن ئۆزگە ھېچ نەرسە خىيالىدىن كېچىپ ئۆتمەس،
سەھەر ـ كەچ نەپ ئۈچۈن نەپسى چاپار مەردانە دۇلدۇل ئىت.

ناۋادا تاپمىسا لوقما، قاۋار ئالەم كېيىپ باشقا،
دېگەي: «كۈيلەردە يوق مەنچە ناۋا گاھ ئەھلى بۇلبۇل...!» ئىت.

مەيلى خان ئوردىسى ۋەيا قەلەندەر سۈپىسى بولسۇن،
ھۈنەر بىر ھەمدە مەقسەت بىر، شۇڭا مەڭگۈگە يوقسۇل ئىت.

قولۇڭدا جىگدە چاغلىق پەش، تېپىپ ئۇنىڭ دىلى كۆكلەش،
خۇشامەت ئوينىتىپ قۇيرۇق دېگەي ئالدىم «ھوسۇل» ئىت.

يامىنى، بەرمىسەڭ پايدا، كېلىپ شەپىسىز پايخاندىن،
ئالار، ئاندىن تاراتقاي كەڭ جاھانغا بەلكى «مەرغۇل» ئىت.

كىمىكى ئىت بىلەن ئۆلپەت بولۇپ، ئاھ چەككىنى كۆلپەت،
بولار ئالدىدا زەر قىممەت سۆڭەكسىز تاكى بىر پۇل ئىت.

بوۋاقى، شۇ سەۋەب ئىتتىن ھەزەر ئەيلەپ ئۆتەر ھەر ۋاق،
كېلىپ پۇرسەت، تېپىپ ئىمكان، قىلار بارىنى چۇلچۇل ئىت...!

**170**

بېغىشلار جەڭچىگە نۇسرەت، بەخت ــ قۇت، شان ــ زەپەر، جان ئات،
ئۆتۈپ مۇشكۇلىدىن ئاتلاپ بېرەر ھەتتا يېشىل قان ئات.

ئۇچۇپ ئوقيادەك مەنزىلگە، جىمىنى قالدۇرۇپ ھاڭ ــ تاڭ،
قۇرۇپ كەتكەن ۋۇجۇدلارغا بېرەر مەردانە دەرمان ئات.

ئۆتۈپ شاد مىڭلىغان ئوقتىن چېپىپ تاغ بەستىدە مەغرۇر،
چىقىپ بىر پەللىدىن مىڭلاپ نىشان ئەيلەيدۇ ئارمان ئات.

كۆزىدىن تامچە ياش ئاقماس، بىراۋغا تەلمۈرۈپ باقماس،
دىلىغا دات قوزۇق قاقماس، ئېتىپ غەلىبىنى جانان ئات.

يۈرەككە خوي يېقىن سېزىمى، ھوشيارلىق چىن ئۇدۇم قالغان،
ئۇچار مەردانە بۈركۈتتەك، سۇرۇپ دىللاردا دەۋران ئات.

نېتەيكىم، جەڭچىنىڭ ھالى ئۇنىڭسىز ئىس ـ تۈتەك ئىچرە،
چەيلەپ ياۋ باشىنى ھەردەم ئېتەر چۆللەردە سەرسان ئات.

بوۋاقىدا نېمە ئارمان ئېلىچۈن بولسا شۇنداق ئات،
يۈرەكتەك دائىما چاپچىپ تۇرار ھەرياندا داستان ئات...!

**171**

ئۆكۈنگەنگە ئوڭشالماس بۇ جاھانىنىڭ ئىشلىرى،
ھەم باھارغا ئۆزگەرمەس مەلامەتلىك قىشلىرى.

ئازاب ـ ھەسرەت بىر قۇرۇت، ئادەم دەرەخ، غاجايدۇ،
غاجىغانغا سۇنمايدۇ ئۇنىڭ پولات چىشلىرى.

ئاھ ئۇرساڭمۇ كارى يوق، نادامەتكە چارە يوق،
كەتمەس ئەسلا بېشىڭدىن ئەبەدىي «مىش ـ مىش» لىرى.

پىشىپ كەتمەس بىكاردىن كىرمەي تۇرۇپ خۇمدانغا،
روھىي ئۇدۇم ياراتقان ئادىمىيلىك خىشلىرى.

غەم نېمىدۇر، قىلساڭ پەم ئۆتەر كۆنۈڭ شادىمان،
«ئادەم» دېگەن زور خەتنىڭ چىقار تولۇق دىشلىرى.

بوۋاقى، شۇ سەۋەبتىن كۈلۈپ باقار ئەتىگە،
ئۆكۈنگەنگە ئوڭشالماس بۇ جاھانىنىڭ ئىشلىرى...!

## 172

ئۆز دەردىگە يىغلىغان دىلدا قاياش بولالماس،
ئىككى دۇنيا قول بەرگەن يېقىن ئاداش بولالماس.

يۈرىكىڭنى كوچىلاپ، قونىقىڭنى پۇچىلاپ،
بېشىڭغا كۈن چۈشكەندە قاچاڭدا ئاش بولالماس.

يامان بولغاچ نىيىتى، چىن توقۇلماي بېيىتى،
خەستەك يۈرەر مېيىتى، سەپەرگە باش بولالماس.

نەپ كويىدا يۈرىدۇ لالما ئىتتەك سوكۇلداپ،
قول بەرسەڭمۇ دىل بەرمە، ئەبەد قۇياش بولالماس.

قۇرۇق گەپكە هېچ نەرسە كەلمەيدىكەن ئەزەلدىن،
مەيدىسىگە مۇشتلاپ چىڭ، بىر تامچە ياش بولالماس.

رەقىبىڭنى كۈشكۈرتۈپ، بولۇپ ساڭا كۈشەندە،
پالاخماندا ئاتاردا مۇشتۇمچە تاش بولالماس.

خۇيى ئۆڭمەس يالاقچى، دوستۇڭ ئەمەس بوۋاقى،
دەمدەك ئوسما قويغانمۇ چىن قەلەمقاش بولالماس.

## 173

ئۆكۈنمىگىن ئاھ دوستۇم، ئۆتۈپ كېتەر بۇ كۈنمۇ،
كېلىپ پەسلى يېشىلەر دىلىڭدىكى تۈگۈنمۇ.

هىجران بىلەن ئۆلىشار نادامەتلىك پىراقتا،
مۇجۇپ ئوتلۇق يۈرەكنى سىر قاپلىغان زەر تۈنمۇ.

قۇت يىلتىزى كۆيمەيدۇ غېرىب ئوچاق ئوتىدا،
چىن ۋىسالغا ئەمەس تەڭ تاغ چىقارغان يەكۇنمۇ.

كېتىپ قالار ئالقىشسىز ھەم ئۇمىدسىز سارغىيىپ،
خىياللارغا ئەگىشىپ سۇبھى تەلەت بۇگۇنمۇ.

نۇر ـ ئىجادتىن ئۆزگىسى قۇرۇپ كەتكەن دەريادۇر،
ئۇ ياشايدۇ قۇياشتەك دىلدا ئەتە ـ ئۆگۇنمۇ.

ئاھ ئۇرمىغىن بوۋاقى، سىردىشىڭدۇر سەپەردە،
ھايات تىلەپ ئىجادتىن ئاۋارىدۇر ھەر كۇنمۇ...

## 174

ئاڭلايدۇ كىم گېپىڭنى ئۆزۈڭ ئەمەل قىلمىساڭ،
مېھنىتىڭنى دىللاردا ئۆلمەس غەزەل قىلمىساڭ.

كېچىپ نەپسى گېلىڭدىن، شەربەت تۆكۇپ تىلىڭدىن،
ئەلنىڭ قىيىن ئىشىنى ئۆزۈڭلا ھەل قىلمىساڭ.

يوقتۇر سەندە سېھىر يا قۇياشتىنمۇ ئوت مېھىر،
يا ھىلالدەك ئۇز چېھىر، كېمىنى تەل قىلمىساڭ.

تىكەن تېرىپ ھارمىساڭ، شاد كۆرەككە بارمىساڭ،
تاغۇ ـ تاشنى يارمىساڭ، ئىشىڭنى دەل قىلمىساڭ.

قىممىتىڭ ھەم ھىممىتىڭ يۇرىكىڭدە يالقۇندۇر،
تېرىكنى ئەل يولىدا ئەبەدىي سەل قىلمىساڭ.

ياراتمىساڭ ئېلىڭنى، ئېگىپ ياۋغا بېلىڭنى،
چىقىرار غەم يېلىڭنى، ئىشقىڭ بەدەل قىلمىساڭ.

بوۋاقى، بۇ مىزاننى بىر ئۆزىدىن باشلايدۇ،
ياشىماق تەس هاياتتا بۇنداق «ئۆتكەل قىلمىساڭ...»

**175**

نەۋايىنىڭ هېكمىتى: «هەسرەت ـ غەزەل جېنىدۇر...»
ئىشق ۋەجى كۆيگەن ئوت ئوقچۇپ تۇرغان قېنىدۇر.

ئازاب تۇندىن ئاشقاندا، يۇرەكلەردىن تاشقاندا،
دىلدىن تامغان يېشىل كۈي، شوخ غەزەلنىڭ ئېنىدۇر.

ئەل ئىچىدە سەمەندەر رىۋايەتكە ئايلانغان،
ئۇنىڭ مەشئۇم چۈشلىرى ئەلەم ـ هەسرەت كېنىدۇر.

قۇت يىلتىزى يۈرەكتە، جۇت يىلتىزى چۆنەكتە،
خارمىنىدا هاياتنىڭ ۋىسال سەرسەر دېنىدۇر.

سەۋدا غەۋغا باشلاردا، سىر يېشىمى تاشلاردا،
قۇياش كۈلەر ياشلاردا، ئۇمۇ هەسرەت تېنىدۇر.

هەسرەت دىلدىن بالقىسا، روھ ۋۇجۇدتىن هالقىسا،
مارجان كەبى غەزەللەر غېرىبلارنىڭ نېنىدۇر.

بوۋاقى، شاھ نەۋايى يولىدا يەك سەرگەردان،
غەزەل دېگەن هاياتنىڭ زىيىنى يوق نېنىدۇر.

## 176

سۆيگۈ ئۈچۈن دىللاردا يېنىپ تۇرغان مەشئەلمەن،
سۆيگۈ ئۈچۈن يارالغان ئادالەتلىك بىر ئەلمەن.

كىرىكىم بار ئۆزۈمگە، ئىشەن يارەن سۆزۈمگە،
قاراپ گەپ قىل كۆزۈمگە، يېشىل ياپراق زەر ھەلمەن.

قايناق چاينى قىلۇر لال، سۇزۇك ـ سۇزۇك ياشلىرىم،
يۈرىكىدىن مەشرەپنىڭ چىققان ئوتلۇق غەزەلمەن.

يۈرىكىمدە كۆيگىنى دوزاخ ئەمەس، گۈلخاندۇر،
كىشى قەدرىم بىلمەيدۇ، ئۆزۈمگە خوپ ئەۋزەلمەن.

ناۋالىرىم بۇلبۇلنى تاڭ قالدۇرار ھەر سۇبھى،
گۈللەر ئىگەر بويىنى، بەلكى گۈلدىن گۈزەلمەن.

قايناۋاتقان بۇلاقمەن، ھىجران ۋىسال ئۇلاقمەن،
چىن سۆيگۈسىز چولاقمەن، ئازاب تەندە سەندەلمەن.

ئەي بوۋاقى، مەن دېدىڭ كىرىپ قەددىڭ، سەپەر قىل،
دېگىن: «ئازاب نەھرىدە ئېقىپ تۇرغان ھەسەلمەن...!»

## 177

چېچىپ ھىجراننى باغىمغا، گۈلىستانىم خازان قىلدىڭ،
ئۆزۈڭنى خانىدان، روھىم راباتىڭ رامىزان قىلدىڭ.

ۋۇجۇدۇم كۆيدۈرۈپ ئوتتا، سېلىپ سۇغا غەلەت سوتتا،
سېلىپ سۆرەم بىلەن قوشقا، يۈرەكىم لەختە قان قىلدىڭ.

نېھايەت تىركىشىپ باقتىم، چىشىمنى بولقىدا چاقتىم،
بېشىمغا زەھرى مىخ قاقتىم، دىلىڭنى خوپ ئايان قىلدىڭ.

كۆزۈمدىن پارلىدى تۇنلەر ئارا ئاشىق يېشىل يالقۇن،
ئىكەنسەن ئەسلىي نەس پالقۇن، كۇنۇم ئاخىر زامان قىلدىڭ.

بوراندا ئۇپقىنى خامانلىرىم، دانسىز، نېتەي ئەمدى،
يېتىپ باغرىمدا يىلاندەك ئاھانەتنى بايان قىلدىڭ.

ئازاب شەربەتىنى ئىچكەن يىگىت مەندەك قىلار نالە،
گېلىمدىن ئۆتمىدى لوقما، ئەجەب ئەتلەمە جان قىلدىڭ.

كۆيۇمسىز، بىۋاپا، مەجرۇھ ئاتالدىم سوغ تىلىڭ ئىچرە،
بوۋاقى دەيدۇ: «تەنھالىق كۇيىنى ئارمىغان قىلدىڭ...!»

ئۇمىد ئىشقىدا زەر ۋولقان، ياشايمەن قەد كېرىپ مەغرۇر،
ئۆزۈڭگە دەردۇر ھەسرەتنى ئادالەتلىك پايان قىلدىڭ...

**178**

ئاداۋەت تەختىنى گۇمران ئېتەلمەي «مەن...!» دېمەس چىن ئەر،
تاقاشىسىمۇ بېشى كۆككە بولار ئەل ئالدىدا خەس ـ يەر.

دېڭىز تاشقىنىدىن ئاشقان بىلەنمۇ بەلكى تاڭ ـ تۇندە،
كۆڭۈل تار بولسىلا ھېساب قۇرۇق خورجۇنغا ئالتۇن تەر.

ئاداۋەت ـ ساپ زەھەر تۇغقاي تىنىمسىز دىلغا، يوللارغا،
بولار گۇمرانكى ئۇ مەۋجۇت داۋان ـ دەۋراندا ھەر سىر ـ سىر.

پاتۇرغاي روھنى ھەسرەتكە، نادامەت بىرلە غەپلەتكە،
قىلىپ كۆلپەتكە چىن ئۆلپەت، غېرىبلىقتا ئېتەر پەرۋەر.

بېگىزدۇر ئوغىدىن پۈتكەن، ئۆنى ياۋ تۈلكىلەر كۈتكەن،
ئۆنىڭ بىرلە قاقالماس قۇش ئىشق كۆكىدە مەردان پەر.

بوۋاقى ئېيتىدۇ: ئادەم، ئاداۋەت يىلتىزىن خار ئەت!
چىنەپ گازىر كۆزىنى شاد ئېتىۋەر تىنمايىن خەنجەر...!

## 179

ئېچىلدۇرار دوستلۇقنىڭ گۈلىنى شاد ياخشىلىق،
بۇركۈت كەبى ئۇچۇشقا بېرەر قانات ياخشىلىق.

ۋىجدان، ئۈمىد، ئېتىقاد، ئەقىدە، كۈي، ئىرادە،
ھۆرمەت ۋىسال، شىجائەت، ئىزگۈ ھايات... ياخشىلىق.

مامات تۈنى مات بولۇپ چاراقلار دىل يۇلتۇزى،
باستۇرمايدۇ كۆڭۈلنى ئەبەدىي دات، ياخشىلىق.

ساختىلىقتىن يىراقتۇر، نۇرى ئۆچمەس چىراغدۇر،
ئېزىلقاندا شىراقتۇر، گۈل كائىنات ياخشىلىق.

قول بەرگەنگە يول بېرەر، يول بەرگەنگە مىڭ جاھان،
چاپتۇرىدۇ رەقىبىنىڭ بېشىدا ئات ياخشىلىق.

ئۇ مېھنەتتە تاۋلىنار، مىننەت بىلەن خار بولار،
دىل تۆرىدە باھاسى پۈتمەس بىسات ياخشىلىق.

بوۋاقى چىن دوستلارغا مىڭ ياخشىلىق ئىستەيدۇ،
قىلماس روھنى سەپەردە ئەبەدىي مات، ياخشىلىق...!

**180**

نىشاننى دوستلۇقنىڭ قىنىم بىلەن بويىدىڭ،
ساختىلىققا بولۇپ قۇل جىنىم بىلەن بويىدىڭ.

چىقىشتۇرۇپ رەقىبكە، ئەيلەپ بەندە تەقىبكە،
پىتنە تېرىپ كۆندۈز ـ كەچ ئىنىم بىلەن بويىدىڭ.

ئاشكارىلاپ سىرىمنى، پايخان قىلىپ تېرىمنى،
خاسلىقىمنى بىلىپ خاس گىنىم بىلەن بويىدىڭ.

سويۇپ تەتۈر تېرەمنى پىچىقىدا ھەسەدنىڭ،
ئاق قەغەزدەك ئىكىننى تىنىم بىلەن بويىدىڭ.

تۇخۇمغا تۇك ئۈندۈرۈپ، غەيۋەت قازىنىن قاينىتىپ،
ئازغانلارنى ئاينىتىپ، شىنىم بىلەن بويىدىڭ.

نادانكەنمەن ئەسلىدە، يۇرۇپ ۋىسال ۋەسلىدە،
ئۈنچە ـ مارجان لىق تولغان كىنىم بىلەن بويىدىڭ.

بەس، بوۋاقى ئۆزدى قول نادان «دوست» تىن تائەبەد،
گۆللىرىمنى سۇلدۇرۇپ قىنىم بىلەن بويىدىڭ...

**181**

بولۇپ ھىجران بوران ھەر يان سۇرۇپ، زەپمۇ بىشىم قاتتى،
ئىچىپ ھەسرەت شارابىنى ئىچىم بىرلە تىشىم قاتتى.

پۈكۈلدى چەرخىي قامەتلەر، قاياققا ئۆچتى ئامەتلەر،
نېتەي، قورشاپ نادامەتلەر، دالالاردا بېشىم قاتتى.

ئۆرۈپ قىسمەتكە بارىمنى، سېغىندىم پەخرى يارىمنى،
ئۇ بىلمەس بەرقى زارىمنى، دىلىمدا دىلكىشىم، قاتتى.

قورساقلاردا كاۋاپ بولدى تىلىم مەيخانىسىز بۇ دەم،
يېيەلمەي رىزىق نېسىۋەمنى ھېجىرلاردا ئېشىم، ئاتتى.

گويا مىڭ ياشقا كىرگەندەك ۋۇجۇدۇمدىن قېچىپ ماغدۇر،
تىلەكلەر تەختىدە چاڭقاپ ئازابتا گەردىشىم قاتتى.

**182**

يۈرۈپ كەينىڭدە ئىت يەڭلىغ غۇرۇرۇم بولدى دەپسەندە،
ئۆزۈمنى مىڭ كاچاتلايمەن، ئىكەنمەن ئەسلىي شەرمەندە.

شاھانە تونلىرىم چۇشتى قوقاسقا ئاھۇ - ۋاھ ئەيلەپ،
ئۇزاقتىن كىيگىنىم بولدى كېپەندىنمۇ ئۆتە جەندە.

شاراب دەپ بەرگىنىڭ ئوغا، توقۇپ غەيۋەت، قىلىپ غوغا،
تىكىپسەن بىر مېنى دوغا، ئىكەنمەن بەك نادان بەندە.

دېگەنتىم تاغنى يۆتكەيمەن بولۇپ پەرھاد، كېلىپ پۇرسەت،
يامانكەن ھىجرى سەۋدالىق، ھېچ قۇدرەت قالمىدى تەندە.

ئىكەنسەن بىر كەمەك مەككار، ئۇنىڭدىنمۇ ئۆتە بىر سار،
سېنى دەپ مەن گوزەل، چىن يار، ئۆزۈمگە ساپتىمەن رەندە.

كۆزۈڭدە جۇت جۇلالايدۇ، سۆزۈڭدە قۇت ھۇلالايدۇ،
خىيانەت دەشتىدە بۇلبۇل قىلالماس شادىمان خەندە.

ئەجەب مىڭ ياخشىلىق قىلدىم، ۋۇجۇدۇم نەچچە مىڭ تىلدىم،
سېنى دىلدا ماياك بىلدىم، نە ئۆچۈك بار ئىدى مەندە؟

بوۋاقى، شاھى مەشرەپتەك كېچەر بۇ دەم نەزەرلەردىن،
ۋىسالچۇن مەشۇقى ساقلار ئەبەد دەۋرانە گۈلشەندە...!

**183**

ئۈمىد شامى ياندۇرار ئەبەد ئەقىل - پاراسەت،
مۇشكۇللەردە بېغىشلار مەدەت ئەقىل - پاراسەت.

پاكلاپ غۇرۇر بېغىنى، كۆكەرتكۈزۈپ تېغىنى،
گۈللەر ياشلىق چېغىنى پەقەت ئەقىل - پاراسەت.

روھىڭنىڭ چىن ئۇزۇقى، ھەسرەت كۆڭۈل قوزۇقى،
بىتچىت رەقىب توزىقى، ھەسەد... ئەقىل - پاراسەت.

نادانلىقنىڭ گۈمبىزى گۇمران بولار ئۇ بىلەن،
ۋۇجۇدۇڭغا تاپقۇزار سەھەد ئەقىل - پاراسەت.

ئايرىلغاننىڭ ئىشى يوق، قايان بارسا بېشى يوق،
يا قىلغۇدەك ئىشى يوق كىر بەت، ئەقىل - پاراسەت.

ئەجدادىمىز سەن بىلەن قۇياش بولغان كۆكتىكى،
ئەمەسمۇ ھەم بىز بىلەن جەمەت، ئەقىل - پاراسەت.

ئاداشقانلار ئاز ئەمەس، بوۋاقىمۇ بىرىدۇر،
راستتىن ئېيتسام دىلىدا ھۆججەت ئەقىل ـ پاراسەت!

## 184

ئەتىباردۇر پەردىنىمۇ ئۆز گۈلۈم،
ھەسەل ئىشق سەھىرىدىنىمۇ ئۆز گۈلۈم.

نەدە يۈرسەم ئوي ـ خىيالىم ئۇ تامان،
قايناق ۋۇجۇد شەھىرىدىنىمۇ ئۆز گۈلۈم.

پەزلى يۈكسەك، سۈكۈناتى چىن بۈيۈك،
بەلكى ئاسمان قەرىدىنىمۇ ئۆز گۈلۈم.

ئۇ ھاياتىم، ئارمىنىم، ئەركىم، دىلىم،
ئېتىقادىم، پەردىنىمۇ ئۆز گۈلۈم.

گەرچە سەۋدالىق ئاڭا يار بولسىمۇ،
ئەلا خېزىر تەرىدىنىمۇ ئۆز گۈلۈم.

ھەتتا جان ئالماققىمۇ تەييار ئۆزى،
ئۆتكۈر ئۇ ياۋ زەھىرىدىنىمۇ ئۆز گۈلۈم.

بۇ بوۋاقى، ئاڭا رامدۇر تائەبەد،
تاتلىق ھەسەل ھەرىدىنىمۇ ئۆز گۈلۈم...

## 185

ئەي، مېنىڭ جانانە يارىم كۆز نۇرۇم،
شەۋكىتىم، ئىشقى قارارىم كۆز نۇرۇم.

سىنى دەپ كەلدىم جاھانغا قەد كېرىپ،
نە ئېرۆر سەنسىز باھارىم كۆز نۇرۇم.

قارىچۇقۇڭدا چاقنىغان يۇلتۇز دىلىم،
ئىنتىزارىم، ئىپتىخارىم كۆز نۇرۇم.

زەپ بەختلىك مەن بۇ سەۋدالىق بىلەن،
ئىلى، تۇمەن، كۇسەن، تارىم... كۆز نۇرۇم.

سەرۋى قامەت ئېلىنىڭ خاقانىسەن،
سەن ئۇچۇندۇر تەندە بارىم كۆز نۇرۇم.

سەن بىلەن مەۋجۇتلۇقۇم قىممەتتە زەر،
مۇشكۇلاتتا كۈچ ـ مادارىم كۆز نۇرۇم.

بۇ بوۋاقى سادىقى بىر قۇل ئەبەد،
چۈنكى، سەن ۋىجدانى ـ ئارىم كۆز نۇرۇم...!

## 186

نادان بىلەن قېرىشىپ، ئاقىلغا جان توشىماس،
گېزى كەلسە ئېلىشىپ ئاققۇزغان قان توشىماس.

نادان دېگەن قارامدۇر، توختاپ قالغان تارامدۇر،
ئاڭا ھېكمەت ھارامدۇر، دەسسەر تۇز ـ نان، توشىماس.

نادان دېگەن ھاقامەت، گالىنىڭ قۇلى كارامەت،
دىلىدا مىڭ نادامەت، جۇغلىغان كان، توشىماس.

نادان دېگەن ئۆزىدىن ئۆزگىنى ھېچ ئويلىماس،
يوق ئۇنىڭدا ھاياتقا توغرا نىشان، توشىماس.

قۇمدەك چېچىق سۆزلىرى، پىيالىدەك كۆزلىرى،
بازارسىز دۇر بۆزلىرى، ئاڭا چەش دان توشىماس.

تىلىدا بىر دىيانەت، دىلىدا مىڭ خىيانەت،
ياشىماقمۇ جىنايەت، قانچە خارمان توشىماس.

بوۋاقى، نەپ كويىدا يۈرگەن «مەن» نىڭ ئويىدا،
«دات...!» دەر ئەلنىڭ تويىدا، زارغا زامان توشىماس...!

**187**

كۆز ئېچىپلا ئالەمگە قېرىپ قالغان ئادەممەن،
بىر قەدەممۇ ئالماستىن ھېرىپ قالغان ئادەممەن.

ھەسرەت پۈراق چەشلىرىم ئەزگەن زېمىن باغرىنى،
رىزىقىمنى ھىجراندىن تېرىپ قالغان ئادەممەن.

كۆرگەنلىرىم زىيادە، يۈرۈپ ھەريان پىيادە،
بەلكىم، مىڭبىر ياشقىمۇ بېرىپ قالغان ئادەممەن.

ئىزدەپ ۋىسال پەيزىنى، سانجىپ دىلغا نەيزىنى،
يۈرىكىمنى ئازابتىن مۇجۇپ قالغان ئادەممەن.

ئۆكسۈشلىرىم بىسىقماي تومۇرلىرىم كۆبجىگەن،
قۇرۇت يېگەن دەرەختەك چېرىپ قالغان ئادەممەن.

بىسىپ بىر رەت قەدەمنى خاتا، تېپىپ ئەلەمنى،
تېگىپ دىلغا دەرد ـ غەمنى، غېرىب قالغان ئادەممەن.

كەمسىتمىگىن، بوۋاقى ئۆزلۈك ئىزدەپ ئاۋارە،
ئىقىنىدا ئۈمىدنىڭ ئېرىپ قالغان ئادەممەن.

**188**

باسار ھىجران ۋۇجۇدنى كۆيگەن يارىڭ بولمىسا،
باغلىرىڭغا تولار جۇت ئۇز باھارىڭ بولمىسا.

گۈلۈڭ پورەك ئاچالماس ھەم خۇش پۇراق چاچالماس،
ئەبەد دىلدىن ئېتىقاد، غۇرۇر ـ ئارىڭ بولمىسا.

روھىڭ سۇلار قەدەمدە، قالار مۇشكۇل دەرد ـ غەمدە،
ھۇقۇش كۇلەر گۈلشەندە، چىن قارارىڭ بولمىسا.

بۇلۇت قاينار كۆكىڭدە، بولار جىگدە بۆكىڭدە،
ئادالەتنىڭ سازىدا يېشىل تارىڭ بولمىسا.

جۇدالىقسىز ۋىسالنىڭ نە قىممىتى ھاياتتا،
ئادىمىلىك بەلگىسى قايغۇ ـ زارىڭ بولمىسا.

بېشىڭغا كۇن كەلگەندە، غېرىبلىقىڭ ئەزگەندە،
قىسمەت تېغى بېشىڭدا گەر بارارىڭ بولمىسا.

بوۋاقى، يار كويىدا باغرىن پارە ئەيلەيدۇ،
ھاياتتا نە قىممەت بار، ئېتىبارىڭ بولمىسا...

**189**

ئادەم بولساڭ ھەققانىي ئۆز - ئۆزۈڭنى تىزگىنلە،
دىلىڭ زاھىر ئەيلىگەن زەر سۆزۈڭنى تىزگىنلە.

نەپ كويىدا يۈرمىگىن قۇرۇق گەپكە ئەگىشىپ،
ئېچىرقىغان تويماستىن شۇم كۆزۈڭنى تىزگىنلە.

قۇترىمىسۇن دىلىڭدا تۇزكورلۇقنىڭ دېۋىسى،
غاجاپ، يالاپ تويمىغان ئاچ كۆزۈڭنى تىزگىنلە.

ھالال تەرىڭ ئۆزۈڭگە ئەبەدىيلىك بايلىقتۇر،
ھەرگىز بۇزۇپ چاچماستىن ئۆز بۆزۈڭنى تىزگىنلە...!

ھايات دېگەن تىلسىمدۇر، تىراگىدىك فىلىمدۇر،
ئۆز يولۇڭدا خاتىرجەم دۆڭ - تۈزۈڭنى تىزگىنلە...!

**190**

گۈل قولى زەرگەر بىلەر سەرخىل، ئېسىل زەر قەدرىنى،
چۆلدە چاڭقاق، دىلبەرى ئابى - كەۋسەر قەدرىنى.

ئادىمىيلىك ئىستىگەن خاقانى شاھلار چىن بىلەر،
ئۆز بوسۇغىسىغا يۈكۈنگەن يەك قەلەندەر قەدرىنى.

دىلرەبالار دەشتىدە يۈرگەندە سەرسانە بولۇپ،
مىڭ جۇدالىق ئىلكىدە بىلگەي بۈيۈك ئەر قەدرىنى.

جەڭچى جەڭگاھتا بىلەر، ياۋلار خىرىستا دەۋرىسە،
جان ئاتا قىلغان ئۆزىگە ئەركىي شەمشەر قەدرىنى.

شورلۇق، زەيدە ئىشلىگەن دېھقان ئاتا باغرىن يېقىپ،
بىلگۈسى ئەلۋەك سۆيى ھەم مۆنبەت ئۆز يەر قەدرىنى.

مەن سىنىڭ قەدرىڭگە يەتكەندە يۈزۈڭنى ئۆرۈدىڭ،
ئەمدى كىم مەندەك بىلەر سەندەك نازۇك پەر قەدرىنى؟...

بۇ بوۋاقنىڭ ئۆمىدى بىر سەۋەب بولماس خاراب،
قولى گۈل زەرگەر بىلەر سەرخىل ئېسىل زەر قەدرىنى...

**191**

بېشىغا كۆن كەلمىگەن، ئۆندىمەستىن بىزار ئەل،
مېھنىتىگە لايىق گۈل ـ غۇنچىلارنى تىزار ئەل.

ئۆتۈپ ئوتلۇق پەسىللەر، ئۇنتۇلسىمۇ ۋەسىللەر،
ئىجادكارنىڭ رەسىمىنى، دىل تۆرىگە سىزار ئەل.

گەرچە مىڭ يىل ئۆتسىمۇ مەھمۇد تىلدا داستاندۇر،
ئۆگىتىگە بوۋامنىڭ ئۇلار يېشىل، زەر تار ئەل.

قۇياش پېتىپ كەتسىمۇ، دىلغا ئەلەم يەتسىمۇ،
ھىجران بوزەك ئەتسىمۇ، تاغدەك مەغرۇر ياتار ئەل.

ئۆز كېپىنى قىلغاننىڭ، ياۋ باغرىنى تىلغاننىڭ،
مەست بۇرنىدىن ئىلغاننىڭ بېشىغا تاش ئاتار ئەل.

ئەۋلادىغا پارلاق يول باشلاپ ماڭغان سەركىنىڭ،
قارچۇقى ئەبەد شاد قۇياش بولۇپ قاتار ئەل.

بوۋاقى، چىن ھاياتلىق گۈلشىنىنى ئىزدەيدۇ،
خۇش پۇراقلار دىللارنى دىللارغا چىن چاتار ئەل.

**192**

ئۈمىد دەۋرانغا ھەقدارلىق بىلەن باغرىنى قان ئەتتى،
شەبىستانۇ سەھەرلەردە ناۋاسىنى ئايان ئەتتى.

ھىجىر تاسقاقلىرى كۆبجۈپ ئەلەم تۈغىنى يەلپۈتسە،
غېرىبلىق تەختىدە بۇلبۇل غۇبارىنى بايان ئەتتى.

ئىرادەم دەشتى قۇملۇقتا ئازاب مەيزاپىنى ئىچسە،
سۆكۈتلەر بىخلىنىپ روھقا شەپەق كۆكسىنى كان ئەتتى.

ۋىدالىق مېيىنى ئىچتىم، ئۆزۈمگە خوپلا تون پىچتىم،
ئەقىدە كۈيلىرى چاقناپ دىلىم ساھىبقىران ئەتتى.

تۈگۈچلەر لەت بولۇپ بىر - بىر، ئېچىلدى باغىمە بىر سىر،
تەپەككۇر - تۈلپىرى كىشنەپ كۆڭۈل خانەم بايان ئەتتى.

مەھەلسىز چۈشلىرىم ھەسرەت لېۋىدە ياندۇرۇپ گۈلخان،
تۆكۈلگەن ياشلىرىمنى ئاھ، ئېكىنلار بەرقىي دان ئەتتى.

بوۋاقى مىڭ داۋالغۇشتىن ئۆتۈپ مەغرۇر ياشار مەڭگۈ!
قىياقتەك يايرىدى ئوت تەن، ئىجاد شاد ناتىۋان ئەتتى.

**193**

چۆكۈپ باغرىمغا بىر دىلبەر ئەجەب ھىجراننى يار ئەتتى،
ۋىسالگاھىن ئېتىپ پىنھان غېرىب باغىدا سار ئەتتى.

شەپەق يىلتىزلىرىم كولاپ، داۋام ھۆقۆش كەبى ھۆۋلاپ،
ئازاب مەيخانىگە توۋلاپ، روزىغارىمنى خار ئەتتى.

سىڭىپ قارچۇقلىرىمغا شاد، راباتىنى قىلىپ ئاۋات،
خىيالىمنى ئېتىپ بەربات، كۆڭۈل ئاچماق قارار ئەتتى.

ئىشق دەۋەتلىرى تىنچىپ چۆكۈپ ھەسرەتكە مۇڭلانسام،
يېشىل پەيكارلىرىمنى زەپ بوغۇق سازىغا تار ئەتتى.

ساباھ سەرسەنلىقى قاتقان چېچىنى ئۆيىنتىپ تۇندە،
غېرىب ئاشىقنى ئاسماقا پەلەك بە[illegible]ندە دار ئەتتى.

ئۇمىد ۋەجىدىن ئۆرتەنسەم قويۇق سۇبھىدە يالقۇندەك،
كۆپۈكلەر لەيلىتىپ كۆلدە جېنىم سالقىندا شار ئەتتى.

تېگىشتىم خەسنى ئالتۇنغا، تىقىپ باشىمنى يالقۇنغا،
بېسىپ روھىمنى پالقۇنغا، ئەبەد كۆلپەتكە پار ئەتتى.

بوۋاق دەپ: «ئۇمىد بىرلە تۆرەلدىم ئىككى ئالەمگە...»
ئىجاد تۇلپارىغا مىندى، ۋۇجۇدىنى باھار ئەتتى.

**194**

ئەيىبلىمە ئالدىمدا ھەر ئىش بىلەن ئۆسمەن،
سەندەكلەرنى «خوجام» غا چېقىش بىلەن ئۆسمەن.

ئىغۋا تېرىپ ھەر يانغا، غەيۋەت قازىنىن قاينىتىپ،
ھۆتۆت - پۇتۇت دېگەندىن رەنجىش بىلەن ئۆسمەن.

خۇشامەتتە ئايلىنىپ ئىككى يۈزلۈك بىر ئىتقا،
چىشلەپ مەردنى بىر چەتكە قېقىش بىلەن ئۆتىمەن.

ئاڭلاپ دانا بۇيرۇقنى، شىپاڭشىتىپ قۇيرۇقنى،
تاپىنىڭغا قارا مىخ قېقىش بىلەن ئۆتىمەن.

بىرىنى ئون قىلىمەن، يەكتەكنى تون قىلىمەن،
داغمىلىمنى باغرىڭغا يېقىش بىلەن ئۆتىمەن.

قايتالمايمەن يولۇمدىن، ئوق ئۇزىسەن ئوڭ ـ سولۇمدىن،
هەر ئىش كېلەر قولۇمدىن، «بېهىش» بىلەن ئۆتىمەن.

ئىجادىڭنى لېيىتىپ نام ـ شۆھرىتىڭ سېسىتىپ،
سوغۇق ئاشنى ئىسسىتىپ، «ئىدىش» بىلەن ئۆتىمەن.

ۋەيران قىلىپ خادىمنى، تونۇشتۇرۇپ «خانىم» نى،
ئېقىنىدا ئەمەلنىڭ ئېقىش بىلەن ئۆتىمەن.

جەمەتىمنى شۇ كويغا سېلىپ چېلىپ دېپىمنى،
تېپىپ ئەبەد ئېپىمنى، چىقىش بىلەن ئۆتىمەن.

## 195

«ئويناشماڭ ئەرباب بىلەن، ئەرباب سالار هەر باب بىلەن»،
تېرىڭىزدىن داپ كېرىپ ئەرباب چالار هەر باب بىلەن.

بار ئەمەل ئوڭ قولىدا، لەببەيچىلەر جەم سولىدا،
تۇرسىڭىز تىك يولىدا جاننى ئالار هەرباب بىلەن.

قىزغىنىپ سۆڭەك تالاشقان ئىت كەبى غەليان قىلىپ،
باغرىڭىزنى قان ئېتىپ تىنماي تالار ھەر باب بىلەن.

كىرمىسىڭىز سۆزىگە ھەم سىغمىسىڭىز كۆزىگە،
ياۋ بىلىپ ئۇ ئۆزىگە چۆلگە پالار ھەر باب بىلەن.

تېنىڭىز داشقال بولۇپ ھەم جېنىڭىز قاشقال بولۇپ،
ئوغا قاينار قازىنىغا شاد قالار ھەر باب بىلەن.

ئويىنىتىپ قويغاننى راست چاغلاپ رەقىب، خەنجەر ئۇرۇپ،
خۇنىڭىزنىڭ قالدۇقىنى خۇش يالار ھەر باب بىلەن.

«پادىشاھتىن تۇر يىراق» دەپ باسقان مۆھۇر ئەجدادىمىز،
ئەي بوۋاقى، ھەر يۇرەككە مۇز سالار ھەر باب بىلەن...!

## 196

ۋەتەن تۇپرىقىنى قۇچماق ئەبەدلىك تاجى دۆلەتتۇر،
پەخىرلىك ئانۇ تەر تۆكمەك غۇرۇر ئىگىسىگە سۆلەتتۇر.

جاھاندىن ئۆتتى شاھ ـ خاقان، غەنىيلەر زەرگە چۆمگەن تەن،
دېدى دىل: «تۇپرىقى ئايەم نۇرى ئۆڭمەس چىن ھۆججەتتۇر...!»

گىياھلار چېڭىدا روھىي تېڭىرقاشلار ئايان بولغاي،
تىكەنلەرمۇ داۋا تەنگە، ياشاش ھەر كىمگە شۆھرەتتۇر.

تامام ئەللامە بۇ چاغدا كۆرۈپ بۇلبۇل ئەمىن تاپتى،
قېنىڭدىن گۈل ئېچىلدۇرماق ئەبەد ئالەمچە ھۆرمەتتۇر.

غۇرۇرۇڭ، ئېتىقادىڭ، چىن ئەقىدەڭ پەزلى ئىمكانىڭ،
ساپايىڭ، ئىززىتىڭ، بارىڭ... جەم ئۇندا ئىشقى ئۇلپەتتۇر!

پاياندازئۇ يېشىل، زەڭگەر، كۆلۈپ تۇرغان تۇمەن لەڭگەر،
قاياقتا باش ئېلىپ كەتمەك، نومۇس ئار — بەلكى كۈلپەتتۇر.

ئۇنىڭسىز بايلىقىڭ يوقتۇر، يايرارغا يايلىقىڭ يوقتۇر،
كۆيى زەر بايلىقىڭ يوقتۇر، دىلىڭدا يەك ئېسىل خەتتۇر.

بوۋاقى، بىلسەڭ مەۋجۇتلۇق ئىلىدە ئادىمى قىلغان،
ۋەتەن مېھرى ئاتا قىلغان قىيامەتلىك مۇھەببەتتۇر!

**197**

يىراقتا كەتكىنىڭ باردۇر، ئەجەب ئىزدەپ كېلەلمەيمەن،
يىراقتا يەتكىنىڭ باردۇر، غېمىڭنى يەپ كېلەلمەيمەن.

ئۆزۈمدىن ئۆتتى سەۋدالىق، شۇڭا بۇ كۆنمۇ غەۋغالىق،
ئىدىڭ بىر ماڭلا تالىق، ئىزىڭ دەسسەپ كېلەلمەيمەن.

كۆزۈمدىن ئۇيقۇمۇ قاچتى، ھىجىر قان رەڭ چېچەك ئاچتى،
بېشىمغا قۇمنى كىم چاچتى، داۋام ئەسلەپ كېلەلمەيمەن.

يولۇڭغا تەلمۈرۈپ تالدىم، يۈرەكنى ئوك قولۇم ئالدىم،
ئەجەل گىردابىدا قالدىم، ئۇنۇم پەسلەپ كېلەلمەيمەن.

سىمايىڭ جىلۋىدار ھەردەم، بېشىمدا مىڭ تاغار دەرد ـ غەم،
كۆزۈمدە بىر بۇلاق شەبنەم، ئۆڭۈپ مەڭدەپ كېلەلمەيمەن.

ئىنەلتىپ بىر ئازاب مىڭ رەت، دىلىمدا كۆكلىدى غۇربەت،
يامانكەن ياردىن ھەسرەت، ئۆزۈم «خەپ...!» دەپ كېلەلمەيمەن.

بوۋاقى، زەر مۇراد ۋەجى يۈرەكنى ئەيلىدى چاك ـ چاك،
ئىلاھىم، بارمىدۇ تەرياك، ئۆتەي دەپ ئەپ كېلەلمەيمەن...!

**198**

تەن ئەمەسمۇ ئەسكى بىر تام ئۇندا نۇر ـ جان بولمىسا،
جان نېمە، تومۇرۇڭدا ئاققان زەر يېشىل قان بولمىسا.

خامىنىڭغا قۇش قونامدۇ سۇبھىدەملەر ئىلكىدە،
ئېھتىياجىڭ بەرقىنى ياشناتقىدەك دان بولمىسا.

كىم تۆكەر مېھنەتتە تەر، ئەزسە دىلىنى دەرد ـ ئېسەر،
تاغلىرىڭغا قۇت يېپىنغان باغرى ئوت كان بولمىسا.

سايرىماس بۇلبۇل چىمەندە باغرىنى قان ـ قان ئېتىپ،
بەرگى ئاتەش ئىلكىدە كۆكلەشكە ئىمكان بولمىسا.

چىن ۋىسالدا نە ئېرۇر ھەتتا، تەبەسسۇم، ئىشتىياق،
مىڭ ئازابنى بىرلا تۇغقان دەردۇ ھىجران بولمىسا.

ئول سەۋەب ۋەجى ۋۇجۇدلار ئوت بولۇپ يانغاي ئەبەد،
نەزمە پۈتكەيمۇ بوۋاقى دىلدا جانان بولمىسا.

دىلبىرىم دىللاردا داستان تۇغدى، غۇربەت خۇن بولۇپ،
چاقنىغايمۇ دىلدا ئارمان چىن شەرەپشان بولمىسا.

**199**

نە ئېرۆر مىللەت دېگەن مەيداندا شائىر بولمىسا،
كۆي ئېلىنىڭ تەختىدە ئوت باغرى زاھىر بولمىسا.

قوغدىيالماس گۈل ۋەتەننى رەزگى غاپىلىق ئەبەد،
روھ بولار ياۋلارغا قۇل ياناماس باھادىر بولمىسا.

قىممىتى نە سەھرى شائىرنىڭ ئەلەمگە ئەگسە باش،
ھەسرىتىگە ئەل ـ ئاۋامنىڭ پەخرى قادىر بولمىسا.

كىم چۆكەر نەھرىگە دەريانىڭ تامام غەۋۋاس بولۇپ،
تەكتىدە ئەلنىڭ بەھر ئالىي جاۋاھىر بولمىسا.

كۆيمىگەننىڭ كۆكسىدە كۆسەي تۇنەيدۇ ھەر دەقىق،
ھەر قەدەملەر جىلۋىسى مېھنەتتە ماھىر بولمىسا.

باشىيالامدۇ تىرىك زۆھرە كۇلۇپ شاد قەد كېرىپ،
ھىجرى دەرياسىدا ئاققان ئەركە تاھىر بولمىسا.

شۇ ئازابلار ئىلكىدە ھەر كىم دىلى شائىرغا خاس،
خەسقۇ ئۇ پۇتمىشلىرى ئۆز ئىلكى دائىر بولمىسا.

گۈل مىزاندا ئوت بوۋاقى يازدى قان بىرلە شېئىر،
ئارمىنى ئاچماس چېچەك دىللاردا شائىر بولمىسا...!

**200**

روھ نېمە، قالقان بولۇپ ياشنايدىغان تەن بولمىسا،
تەن كۆكىدە چاقنىغان ئوت قان نامايان بولمىسا.

سايرىماس بۇلبۇل ھامان ئالتۇن قەپەستە شادىمان،
باغرى قان ـ قان بولسىمۇ چىن جايى گۈلشەن بولمىسا.

ھەممىمىزنىڭ قۇت گۈلى تاپقاي ۋىسال، ئېچىپ پورەك،
شۇ گۈلىستان ئىلكىدە نەس، ئەسكى شۇمپەن بولمىسا.

گۈل ۋەتەن گۈلدەك ياسانغايمۇ بىكاردىن تاغ بىلەن،
مېھنىتى دەريا بولۇپ ئاققان پاك، ئەر تېن بولمىسا.

قايسى جان قەھ ـ قەھ كۈلۈپ، مەغرۇر ئۆتەلەر بىر ئۆمۈر،
يىلتىزى چىن ئېتىقادى، ئارى ۋەتەن بولمىسا؟

ئەل ۋەتەن مېھرى يۈرەكتە مىڭ قۇياشنى لال ئېتەر،
پايدىسى نە، دىل ئېقىنى ئۇندا شاش، ئەن بولمىسا؟

ئەي بوۋاقى، زەر ئەقىدەڭ، ئارمىنىڭ ھەق بىر سىنىت،
ياخشىسى، ئۇز ئۆز ئېلىڭگە ئىشقىڭ روشەن بولمىسا...!

**201**

دىلدا ئارمان چوغلىنامدۇ مېھرى يارغا قانمىسا،
ئىشقى ئاتەشلەر چاراسلاپ ھىجرى زارغا قانمىسا.

مايسىلار كەتكەي قۇرۇپ، ھەتتا چېچەكلەر تۆكۈلۈپ،
پەخرى شەيدالىق بىلەن باغرى باھارغا قانمىسا.

گۈل پۇرامدۇ گۈل ۋەتەن لاۋزا گەپ ھەم پو بىلەن،
چىن يۈرەكتىن چاقنىغان زەر ئىپتىخارغا قانمىسا؟

رابىئە، زۆھرە، شىرىن... قانداق ياشايدۇ شادىمان،
تاھىر، پەرھاد، سەئىدىدەك باغرى نارغا قانمىسا.

ھەق ئۈچۈن بولغايمۇ قۇربان ھەر كىشى جاندىن كېچىپ،
ئوت ۋۇجۇدى ھەر زامان چىن غۇرۇر - ئارغا قانمىسا.

بۇلبۇلىنىڭ قەدرى نەدۇر، ناتىۋان كۆي ئىلكىدە،
مىڭ كۈشەندە قارغا، شاتۇت، ھۆپۈپ ھەم سار قانمىسا؟

ئەي بوۋاقى، رەنجىمە، قىلغان ئىجاد، تەقتۇر نىجاد،
ئەل بىرەر ئۆلمەس ھاياتنى، دىلدا ئەغيار بولمىسا...!

**202**

يىتتۇرەرمەن تەختى - بەختىم سازى مۇتلەقلىق ئارا،
چۈنكى، ھىجران ۋەجىدىن ئاھ، ئوت ۋۇجۇدۇم مىڭ يارا.

تەلپۈنۈشلەر مەغرىپى مەشرىق تامان بولدى غېرىب،
زەردىن ئايرىلغان زېمىندەك ھەم يۈرەكىم قاپقارا.

تەن لىباسى تەۋرىنىپ ئىشقى ۋېدالىق ئىلكىدە،
بىر يولىلا تاشلىنار بەستىمدىكى چاپان - چارا.

ئەتكىنىم باغ - باغ ئازاب، كىم مەن كەبى سۆكۈتكە يەم،
سەن كېتىپ باقماي ئۈزاپ، دەمسەن «شورامدىن چىن مارا...!»

باستى غەم تاغى ۋۇجۇدۇم دۆلىتىنى، ۋادەرىغ!
بىلمىدىم، بەرگەنمىكىن تەڭرىمگە نەس ھىجران پارا...

دەستىسى ئالتۇن قىلىچقا جىپسار كىرپىك ـ قاشلىرىڭ،
كۆرۈشەر كىم «مەن غېرىبىنىڭ تۇرقى سۇسىز بىر جىرا».

ئەي بوۋاقى، تاجى ـ تەختىڭ يېتسىمۇ هوش يېتمىسۇن،
سەن ئۇ دىلبەر تومۇرىغا بەرقىي شەربەتتەك تارا...!

**203**

ياندۇرۇپ قەلبىمدە گۇلخان، چاچتى تۇندە يار يارا،
ۋەسلى ئىمكان باغلىرىدىن هىجىردەك ئەغيار، يارا.

قىلغىنى قەست ئەيلىدى ئالەمدە يوق قىلماق ئۈچۈن،
مىڭ قېتىم ئۆلسەم دېمىدى بىر قېتىم بول بار، يارا.

زىختىكى ئىشقى كاۋاپتەك ئەيلىبان تەن دەشتىنى،
بارچە كۇلگەن بىر سەھەردە ئەتتى زەپمۇ خار، يارا.

بەرگىگە شەيتان قونۇپ گۇلنىڭ نىگاهى ئۆكسىدى،
قىلدى تۇپتۇز، زەر يولۇمنى هەر قەدەمدە تار، يارا.

تەلپۈنۈپ بارسام بوسۇغا دەۋرىگە تەتۈر قاراپ،
ئاشىنالىق ئىچرە قىلدى چىن ۋىسالغا زار، يارا.

ئاهۇ ـ ۋاهىم يەتتى كۆككە دىلغا ھەسرەت تۈغ يىپىپ،
قىلدى خەسكە ھەر ئىرادە ئىلكىدە تەڭ ـ پار، يارا.

يۇتتى سۇبھى كارى بارىم، تۇندە باغرىم تىلغىسام،
بەردى گۆللەپ مېنى ھەردەم بەلكى يەلسىز شار، يارا.

ئەي بوۋاقى، كەتكۈسى تەتۈر قۇيۇنمۇ چۆرگىلەپ،
بولمىغاي مەڭگۈ يولۇڭغا باغرى داغلىق دار، يارا...!

## 204

چېھىر ئاپتاپىدا ئىشقىم ۋۇجۇدىنى كاۋاپ ئەتتىڭ،
مېھىر شەبنەملىرى ئۇنگەن سۇبھىدەملەرنى ئاب ئەتتىڭ.

قەسىرگاھىمغا غەم لەشكەرلىرى ئەركىن بېسىپ كىرسە،
ھىجىر ئىزلىرىنى بەك شاد ئۇپۇپ دەمدە تاۋاب ئەتتىڭ.

دىلىمدىن چاغلىسام ئۇلپەت، ئاتا قىلغانلىرىڭ كۈلپەت،
ساۋاب بۇندا غېرىبسىنسا، قايۇ دەشتنى ساۋاب ئەتتىڭ.

قونۇپ گۈل شېخىغا باغرىن قانۇ قان قىلغان بۇلبۇلمەن،
چۇشەنمەي كۆي ـ ناۋايىمنى، قېنىمنى شاد شاراب ئەتتىڭ.

ئېزىز باغرىمنى خۇن ئەيلەپ، دىلىمنى ئاھ، زەبۇن ئەيلەپ،
رەقىبىم چىقىرىپ تۆرگە، ئەبەد ئۆڭمەس خاراب ئەتتىڭ.

تېنىمدە قالغىنى جۇلدۇر كېپەن، ئۆزگە كېرەك قىلماس،
دىلىمدا قالغىنى باقىي جاھاندا شوخ ئازاب، ئەتتىڭ...

ئەمەل مەيخانىسىدا جان تالاشتىم، ئۇندا شەيتان خۇش،
ئېتەلمەي يار ئەجەب بىر نوش، بولدۇم مەھشەرگە ھاپ ئەتتىڭ.

بوۋاقى، يانمىغان يول بۇ، ۋۇجۇدى قانمىغان يول بۇ،
ساڭا رەھمەتلىرى كۆپتۇر، ئۇنى ئاشىققا باب ئەتتىڭ...!

**205**

بېشىڭغا چوڭ بالا بولغاي ھاياتتا چېھرى يار تۇتساڭ،
پىغاندا سايرىسا بۇلبۇل، ئېچىپ قوينۇڭنى سار تۇتساڭ.

چۇشەنمەي خۇي ـ پەيلىنى، دەپ ئازغان بەلكى لەيلىنى،
ئاڭا بىر بەرمەيىن پۇرسەت كۆڭۈل ـ كۆكسۇڭنى تار تۇتساڭ.

مۇھەببەت تەڭ ـ باراۋەرلىك ئاساسىدا تاپار جارى،
سۆيۈملۇك تائەبەد دىلبەر ئىشقىگاھىڭنى پار تۇتساڭ.

ئۇنىڭ كۆڭلىنى شاد ئەتمەك ئۈچۈن باغرىڭنى قان ئەيلەپ،
شەپەق كۇلگەن سەھەرلەردە يۇرەك بىرلە باھار تۇتساڭ.

سۇرۇپ ھىجراننى ھەر يانغا، سېغىنىپ جانانە جەريانغا،
چۇشۇپ مەردانە خۇمدانغا بىلىپ زەر ئىپتىخار تۇتساڭ.

يېرىلغاي تاش قەدەھلەرمۇ مېھىر ئەييامىدا ۋاك ـ ۋاك،
سەھەر ـ كەچ خۇي بىلەن يۇرمەي دىلىڭنى ئىنتىزار تۇتساڭ.

ئەقىلگاھىڭدا چاقنايدۇ قۇياش شەمشەرلىرى جەزمەن،
ئىزىڭغا سەجدە ئەيلەپ مىڭ ئۆزۇڭنى بەرقارار تۇتساڭ.

بوۋاقى، سەبرى ـ تاقەتتە غورىدىن ھالۋا پۇتكەي شاد،
گۇلۇڭنى ئېتىقاد. پەخرىڭ، نىجادىڭ، ۋەسلى ئار تۇتساڭ...

**206**

جۇدالىق تىرنىقى پاتتى دىلىمغا، قالمىدى ئەس ـ ھۇش،
قونۇپ سايرايمەن قاقشالىنىڭ شېخىدا يەك غېرىب بىر قۇش.

نېدا سۇبھىسىدە ھالىم كۆرۈپ باغرىنى چاك ئەيلەپ،
كۆزىدىن قانۇ ياش تۆكتى نېتەي بۇلبۇل بولۇپ بىخۇش.

سۇغاردىم روھىناتىمنى تەسەللى كۆلچىكىدە شاد،
سۇكۇتگاھىمدا ئۆرتەندىم بولۇش مەقسىتىدە سەرخۇش.

بىراق سەرخۇشلۇقۇم تاپماي ئەلەم تاغىدا يەنجىلدىم،
ئازاب دەۋرانلىرى بولدى تەماننا ئەيلىبان بەك خۇش.

چۇشۇمدە ھەردەقىق پەيدا، ئىكەنمەن ئەسلىي چىن شەيدا،
بېشىمدىن يۇتمىدى غەۋغا، ئېتەلمەي چوغ لېۋىڭگە نوش.

تېنىمدا لەھزە - لەھزە كۇي قىيانى ئاھ، تىپىرلايدۇ،
پىراق دەرياسىدا دولقۇن ئۇرار مەردانە، مەشئۇم جۇش.

تەسەللى ھاڭىدىن ئۆتتۇم، بۇ دەم مۇمكىنمۇ لاپ ئۇرماق،
ئەقىدە روزىغارىمنى زاۋاللار قورشىدى تۇش - تۇش.

بوۋاقى، نالە - زار ئەيلەپ، ئەجەب بىر خەس كەبى لەيلەپ،
ئۆزىنى بىر ئۆزى چەيلەپ تىنار ھەسرەت بىلەن پۇش - پۇش.

**207**

نە سەۋەب بولدۇم بىمەزگىل ئىشقى يارىمدىن جۇدا،
ئوت ۋۇجۇد مۇلكىدىكى پەخرى بارىمدىن جۇدا.

كۇيلىرىم چۆكتى غېرىبلىق زۇلمىتىگە باش بىلەن،
سازلىرىم قىلدىڭ دېدى پەيكارى تارىمدىن جۇدا.

ئالىقىنىمدا، ئارمىنىمدا تۆرغىنى ھەسرەت ـ پىغان،
چۈنكى روھىم بولدى زەربەست ئىپتىخارىمدىن جۇدا.

دىلدا تۈغ لەپىلدىتىپ كۆيلەر كۆزى چاقنايدۇ شاد،
بولمىدىم دەپ ئوت دىلىم چىن بەرقارارىمدىن جۇدا!

ئاشىقى سەرگەشتە مەنكىم، بۇ يولۇم دەۋرانىدۇر،
يارىدىن بولسام جۇدا، بولغاي دىل تارىمدىن جۇدا!

يارىسىز ئۆتكەن ئۆمۈرنىڭ قىممىتى، پايانى يوق،
چىن ۋىسال ئەتكەي مېنى بىر كۆنلەر زارىمدىن جۇدا.

شاش بوۋاقىنىڭ دىلىدا زەر ئۈمىد پۈتمەس قۇياش،
نۇر ـ زېمىن كەتكەي قۇرۇپ ھەم بولسا تارىمدىن جۇدا.

208

دىلبىرىمنىڭ ئوت دىلى ئىشقىمغا شەيدا بولمىدى،
بىر غېرىب بۇلبۇل قېرىپ كەتتى، يار پەيدا بولمىدى.

چەرخىي زىندان تېمىدەك باغرىم يېرىلدى مىڭ قېتىم،
بولدى پەرۋانە گاراڭ كىم، يارى سەۋدا بولمىدى.

كۆز ئېچىپ ئالەمگە باقتىم، ھېچكىشىنىڭ باشىدا،
گۈل بېشىمدا قايىنىغان غەۋغاچە غەۋغا بولمىدى.

تەنلىرىم تەسۋىرىگە ياپراق نىداسى لال ئەبەد،
ئەل ئارا، ئىقلىم ئارا كىم مەنچە رەسۋا بولمىدى.

نە ئېرۇر كۆيگەنلىرىم، ئىزىنى شاد سۆيگەنلىرىم،
يا يۈرەكىم ئۆرتىنىپ مەشرەپ، ھۇۋەيدا بولمىدى.

تاپقىنىم ھەسرەت ـ پىغان، ھەردەمدە مىلڭ رەت ئالجىغان،
ھېچكىشىنىڭ كۆز يېشى مەردانە دەريا بولمىدى.

بۇ بوۋاقى شۇندىمۇ يار ۋەسلىدىن ئۈزمەس ئۈمىد،
يارى ئالەمدە كىشىنىڭ بۇنچە لەقۋا بولمىدى.

پاتقىنىم چەرخىي سۈكۈت، تۈگمەنىدە روھىم ئۈگۈت،
يا كۆڭۈلنى بەزلىسەم شەيدائى تەقۋا بولمىدى...

## 209

غېرىب باغرىم ئېزىلگەن كەچ ساڭا «مۆڭ» بەندىمەن ئەمدى،
سىقىلغان يۈرىكىم سىيلاپ ئۇتۇڭ بەخشەندىمەن ئەمدى.

ھايالار قايرىلىپ كەتتى، ۋۇجۇدلار ئايرىلىپ كەتتى،
كۆڭۈلگە زەپ ئەلەم يەتتى، كېيىكسىز جەندىمەن ئەمدى.

ئېزىز روھىمنى ئىزدەيمەن زېمىستان كۆكسىدىن ئىڭراپ،
ناۋالار لەختە قان بۇ دەم، غەلەت، نەس تەندىمەن ئەمدى.

خىيالىم گەردىشى سۇندى، بېشىمغا غەم قۇشى قوندى،
خىزىرلىق تەختىدىن چۈشتۈم، كۆيۈك گۈلشەندىمەن ئەمدى.

قۇرۇت باغرىمدا شەيتاننىڭ غىزاسىغا شېرىك بولغان،
ياغاچ ئەيلەپ ھاياتىمنى شىلىشقا رەندىمەن ئەمدى.

ئىشقىگاھىمغا ھەسرەت تۇغ ئېسىپ خۇي شادىمان بولدى،
بىراۋ ھالىمغا كۈلگەندە، سېسىق بىر گەندىمەن ئەمدى.

بوۋاقى، چىن ھىجىر تەختى ئارا يېگانە سۇلتاندۇر،
ئۇمىد جەزبىدە كۆكلەرگە، بۇيۇك ۋەتەندىمەن ئەمدى.

## 210

ئوت دىۋارىم ئىلكىدە دەرۋىش خىيالنى نە قىلاي،
روھىناتىم سېپىغان مەجنۇن شامالنى نە قىلاي.

تۇرسا خالىڭ جىلۋىسى پۈتكۈل جاھاننى يورۇتۇپ،
تۇندىكى ئايغا بېقىپ مەستانە خالنى نە قىلاي.

ياش دېڭىزىدا ئۈزۈپ ۋەسلىڭ كېمىسى ئۆنلىسە،
بىر كىچىك دەريا ئارا ۋەيرانە سالنى نە قىلاي.

شەربىتىڭ جاننى ئېلىپ قويغان چېغى تۇن بەستىدە،
جەۋھىرى گۈلدىن ياسالغان بەرقىي بالنى نە قىلاي.

تەشۋىشىم تەۋرەپ يۈرەكتە كۆيدۈرەر ئالەمنى شاد،
ئىشقى دەملەر دەۋرىدە، چەرخىي ۋىسالنى نە قىلاي.

پۈتمىشىم شۇنداقمۇ بىلمەيمەن زامانلاردىن بېرى،
تاش تىزار ئالدامچى رەمبال بىرلە پالنى نە قىلاي.

غۇنچەۋەش مەپتۇن بوۋاقى يىغلىسا تەنھا تۇرۇپ،
زەر پاناھ قەسرى ئارا پەخرى ھىلالنى نە قىلاي؟...

## 211

ئۈپتى روھىمنى ئۈمىد، باغرىدا ئوت جانىم كېلىپ،
نەكى جان، قۇت يىلتىزىم، تومۇرۇمدىكى قانىم كېلىپ.

شادىمانلىق ئىلكىدە بارىمنى ئىزھار ئەيلىسەم،
سىلكىنىپ ئىشقى قەسىر، غەم بەردى ھىجرانىم كېلىپ.

تەلپۈنۈشلەر تەختىنى ھەسرەت بورانى قىلدى گۇم،
قۇتقۇزالماس بۇ ئازابتىن ئەمدى ئىمكانىم كېلىپ.

تاپقىنىم نە بىلمىدىم، ئىقلىمنى كۆزگە ئىلمىدىم،
دەرد تىغىدا تىلمىدىم، شادلانسا جانانىم كېلىپ.

گۇل بېغىمغا قۇت يوكۇندى ئىپتىخارلىق ئىلكىدە،
ئالقىنىم بولدى شاھادەت دەرد ـ ئېسەر شانىم كېلىپ.

كۆرمىشىم دېگۈزسىمۇ «ئېسىت» ئۈمىدىم ئۈزمىدىم،
تۇغ ئاسار باغرىمغا دەپ پەرى خاقانىم كېلىپ.

بۇ بوۋاقى دىلدا يالقۇن ۋەجىدىن مىڭ پارە ـ پار،
قىلدى باي ئارمانلىرىمنى دىلدىكى كانىم كېلىپ...

## 212

كەل ئى دىلبەر، بايان ئەيلەي، دىلىمدا ھېچ يامانلىق يوق،
سەۋەبى شۇمىكىن نەيلەي، ھاياتىمدا ئامانلىق يوق.

ئەجەب مەستانە ئەتكەنلەر، بېغەم ھەر يانغا كەتكەنلەر،
دېدى: «ئۇ تەلۋى بىر ئەبگاھ» پىراق روھىي قاراملىق يوق.

غۇچۇرلاتتى رەشىك گۈيلار چىشىنى، چاينىماق مەقسەت،
قاچار بولسام كۆيۈك ۋەجى، ماڭا تالىق سامانلىق يوق.

ئۆزۈڭنىڭ نەھرى ـ دەريايىڭ ئۈزۈپ ئوينار بېلىق بولساڭ،
سۇرەر دەۋرانە بىر شاھسەن، بۇ تەندىن ياخشى خانلىق يوق.

تېرىپ مىڭ پىتنە ـ ئىغۋا ياۋ، سېنى ھەر كويلىغا سالدى،
ئۇنىڭ باغرىدا يۇلقۇنما، ئاھ ئۇنداق ئەسكى جانلىق يوق.

ياشا باغرىمدا جانان بول، تېنىمدا قاينىغان جان بول،
دېگەي ئەل بىر كۈنى: «بۇندا ئۇنىڭدەك دىل ماكانلىق يوق...»

بوۋاقى، سەبرى ـ سۇلكەتتە كۇتۇپ ئاۋرىدۇر ھەردەم،
چۇشەنسەڭ ۋەسلى نۇسرەتنى سېنىڭچە زەر زامانلىق يوق...

**213**

تاپماس دىلىڭ ئاراملىق، ماڭا ئەلەم قىلمىساڭ،
كىرپىكىڭ دىل بېتىمدە ئىشقى قەلەم قىلمىساڭ.

كىرىپ رەقىب قەستىگە، تاشلاپ ئازاب دەشتىگە،
بۆرىسىگە ھىجراننىڭ روھىمنى يەم قىلمىساڭ.

باراۋەرلىك تۇغىنى ئاسماي تۇرۇپ يۇرەككە،
ئەتەڭ ئۇچۇن قايغۇرۇپ بۇگۇننى يەم قىلمىساڭ.

يۇرىكىمگە قېقىپ مىق، تىلىكىمگە تىقىپ زىق،
ئېزىپ يۇرگەن ھەسرەتنى باغرىمغا جەم قىلمىساڭ.

چېقىپ تىنماي نەس ياۋغا، بىرىپ كۆڭۈل ئاڭقاۋغا،
توپا ئېلىپ ئىزىمدىن ئۆزۈڭگە بەم قىلمىساڭ.

«توۋا...!» دەيمەن ئۆزۈمگە، چاچساڭ توپا كۆزۈمگە،
چىن پۈتمەستىن سۆزۈمگە، غەزىپىڭ دەم قىلمىساڭ.

بوۋاقىنىڭ تىلىكى، قۇرۇمىسا يىلىكى،
يارسىز قالماس ئىلىكى، ئۆزۈڭ سەنەم قىلمىساڭ...!

**214**

كۆيۈك ھىد قايىنىغان تەندە ئادالەتلىك قىيان پەيدا،
قىيانىنىڭ نەھرىدە فونتان بولۇپ لال ئاھ پىغان پەيدا.

ئىشق يەم قىلسا تۈنلەردە ساداقەت بىرلە ھىجراننى،
كۆڭۈل دەشتى غېرىبلانغان سۈبھىدەملەردە جان پەيدا.

داۋاندىن ھالقىماق مەقسەت ئۈچۈن مەنزىل يىراق بولماس،
نىگاھلار جىلۋىسىدە تۇغ تۇتۇپ تۇرغان نىشان پەيدا.

ئىچىشكە رىغبىتىم باردۇر، مۇھەببەت دەشتىدە شەربەت،
شۇ شەربەت جىلۋىگاھىدا يوچۇن چوغ بىرلە شان پەيدا.

ئىكەنمەن ئەسلىدىن سەرمەست ۋە يا بىر دىلبەرگە ھەم بەندە،
بىقىپ گۈل شېخىغا كۆردۈم، تامام بەستىدە قان پەيدا!

قاياقتا شۇ غېرىب بۇلبۇل، كىشى ئىزدەرگە پۇرسەت يوق.
پەۋەس گۈل كۆكلىگەن روھتا لەببا ـ لەب دۇرى كان پەيدا.

كېرەك ئەمەس بۇ بوۋاقىغا سۆيۈكتىن ئۆزگىسى زىنھار،
سۆيۈك ۋەجى يۈرەكلەردە ئەبەد ساھىبقىران پەيدا...!

**215**

ئەي غۇنچەۋەش، بولدى دىل سەرمەست، ئاھ چاچقىن زەر ماڭا،
ئېزىقىپ قالدىم دەشتتە، بول ئەبەدلىك سەر ماڭا.

بىر پىغان مىڭ ھىجرى تۇغدى مىليون نالەش ئىلكىدە،
لەختە ـ لەختە باغرىمە، ئىلھام شارابى بەر ماڭا.

قان كۆكۈمدە مىسلى لاچىندەك زەبەردەستلىك بىلەن،
كۆي پەۋەس ئىشقىڭ بىلەن بىر ئۆمۈر شاد پەر، ماڭا.

سەندىن ئايرىلماق ئىرادە بولسىمۇ تەقدىرى تەن،
ئويلىسام ئاسمان يىراق، قاتتىق كېلەر ھەم يەر ماڭا.

دەردتىن ئۆزگە ھېچنېمە بەرمەيلا قويدى زادىلا،
مىڭ ئازاب ئۇپقان پېشانەم بەستىدە سوغ تەر ماڭا.

ئۆز ـ ئۆزۈمنى ئوتقا تاشلارمەن، ئېلىپ سەندىن يەنە،
بەرمىسەڭ مېھرىڭنى دىلدىن ئىككى قوللاپ گەر ماڭا.

بۇ بوۋاقنىڭ تىلەكى بىر يولى جارى بولار،
ئىككى دۇنيالىق ھايات بەرگەي ئابى كەۋسەر ماڭا...

**216**

دىل ـ غۇبارىم بولدى گۆر، ئىشقى ـ مۇھەببەت شامى تۇت،
گۈل ـ شىۋاقتەك لەۋلىرىم يېرىلدى چاك ـ چاك جامى تۇت.

سېنى سۆيگەندىن بېرى ھەسرەت ـ ئەلەمگە بەندىمەن،
تاپمىدى بارىم پەقەتلا چاقنىغان ئارامى، تۇت.

توپلىرىڭنىڭ ئوقلىرى زەھرى نەپەسلەر ئىلكىدە،
تەگسە نە بولغايكى گۇمران چەرخىي ئىستېھكامى تۇت؟

ئاشىقى سەرگەشتە بولغان بىر ئىلاھقا ئەڭ يېقىن،
ئۆچمىگەي، دىللار ئارا مىسلى قۇياشتەك نامى، تۇت.

تاش دىلىڭنى بىر ئېرىتكەيمۇ تۇنىستانلاردىن چىقىپ،
بىر غېرىبنىڭ دىلدىكى ئەپغانى، ئېھتىرامى، تۇت.

مەيلىدى نە بولسا مەيلى، ئۆرۈلۈپلا چۈشمىسە،
بەستىمىزگە بىر سەھەردە سۆيگۈمىزنىڭ تامى، تۇت.

دەمبەدەم ئىشقى ھارارەت ئىلكىدە مەن باتۇرۇڭ،
ئىزدىسەڭ قۇت لەۋلىرىڭدىن سۆيگۈ زوق قىيامى تۇت...!

## 217

ماختاپ يۇرمە ئۆزۈڭنى، ئىچىڭ قارا، تېشىڭ ئاق،
يالغان بولسا ھەقىقەت ئەينىكىگە قاراپ باق.

ئېقىپ ئۇلۇغ سۇيۇڭدە، كۆيسەم گۈلخان ئوتۇڭدا،
ئەقلىڭ بولسا سالامسەن، سادىق دىلنى يەنە قاق.

نادانكەنمەن ئەسلىدە، بىلمەپتىمەن خۇيۇڭنى،
كاتاڭ يولدا ئورۇق ھەم ئىكەنسىنا يەلسىز چاق.

قانجوق ئىتتەك سوكۇلداپ يۇرۇپ ـ يۇرۇپ كەينىڭدە،
ئاھ، نەيلەيىن چۇشتىغۇ پۇتلىرىمغا مىڭ قاداق.

قوت تەگلىسەم جوت بەردىڭ، جەۋھىرى دەپ ھاياتىنىڭ،
ئۆيدە جاڭجال بېسىقماي، ئالدىڭ ئەلدە خاس ئاتاق.

ھىيلە ـ مېكىردە بىر سەندىن قالار چېنىپ كەمەكمۇ،
پەرقسىزكەن دىلىڭدا «ماقۇل» مۇمكىن بىلەن ياق...!

ئۆزۈڭ تىنماي ماختايسەن، بىر مەندىنلا قاقشايسەن،
بىر سىنىتقا ئاقمايسەن، چىن كۇپايە ئۆتسەڭ تاق.

يۇز ئۆرۇگەن ئەمەسمۇ ئاۋۋال ئۆزۈڭ ئەسلىدە،
باراۋەرلىك بولمىسا ئاشماس ئىشقا ئىتتىپاق!

## 218

يىڭنىدەك سانجىلدى دىلغا يار نىگاھى نەيلەيىن،
تىترىدى ياپراق كەبى تەنلەرمۇ گاھى نەيلەيىن.

تىپتىنچ بەندە ئىدىم، ئىشقىمغا خاس جەندە ئىدىم،
ئەتتى سۆيگۇ بىدەۋر ھەسرەتكە داھى، نەيلەيىن.

ۋەسلىدىن ئۆزگە كېرەك يوق ئاشىقىغا ئەسلىدىن،
يار دېگەن چىن ئاشىقىنىڭ قىبلىگاھى نەيلەيىن.

سەرسەرى ھىجران بېسىپ كىردى غېرىب كۇلبەمگە شاد،
نە ئېرۇر كىم، ئاشتى كۆكتىن يارى ئاھى، نەيلەيىن.

قىسمىتى تەتۈر پەلەكتىن، رەنجىگەنلەر بىر قاتار،
تاڭدا كۈلسە زەر قۇياش، كەچ كۆكتە ماھى نەيلەيىن.

ياش خىيال بەردەملىكىدىن قالدى ئەتتەك بۇ كېچە،
بارمىكىن مۇڭ قاپلىغان دىللارغا شاھى، نەيلەيىن.

ئەي بوۋاقى، تاۋلا باغرىڭنى ئازاب خۇمدانىدا،
بەلكى سۇبھىدەم ئۇپۇشلار دىل شىپاھى نەيلەيىن...

## 219

ئۆز پۇتۇڭغا نەس پالتا چاپقۇزاركەن، نادانلىق،
رەقىبلەرگە شاھى تون ياپقۇزاركەن نادانلىق.

دوست دىلىنى ئاغرىتىپ ياۋ دىلىنى شاد ئېتىپ،
تويماس گېلىنى ئەمىن تاپقۇزاركەن، نادانلىق.

باشقا كىيسەك ئاياغنى، قوندۇرۇپ شۇم نەس داغنى،
يەڭلىرىنى تەتۈرگە ساپقۇزاركەن نادانلىق.

داغمال يېقىپ تېنىڭگە، هارارەتتە قىزىتىپ،
تونۇر قىلىپ سامسىنى ياپقۇزاركەن نادانلىق.

بۇ كۈلپەتتىن دېدىم دات، بۇ ئىللەتلەر بىزگە يات،
ۋۇجۇدۇڭدا ئېتىنى چاپقۇزاركەن نادانلىق.

كەل تىزلىپ بىر سەپكە ئات سالايلى مەنزىلگە،
بىز يىغلىساق ئاھ ئۇرۇپ، خوپ ئۇزاركەن نادانلىق.

بوۋاقىنىڭ سۆزىگە ئىشەنمىسەڭ، پۇشايمان،
جاھالەتنىڭ تېگىنى خوپ سوزاركەن نادانلىق...!

## 220

ئۇپۇققا ئوخشىدى باغرىم، ئەجەب سەۋدايى خار قىلدىڭ،
ۋىسال سۇبھىسىدىن قوغلاپ، ھىجىر دەشتىگە پار قىلدىڭ.

قەدەمدە ئۆلتۇرۇپ مىڭ رەت، سېلىپ روھىمغا ئۆچمەس دەرد،
ئادا ئەيلەپ تامام ھەسرەت، دىدارىم يوقۇ ـ بار قىلدىڭ.

تەۋەككۇل ئەيلىسەم روھىي ئۇپۇشلارنى قەسەمبىللا،
تېرىپ يول قىرغىقىغا مىڭ تىكەن، مەنزىلنى تار قىلدىڭ.

ئەقىدەم شاخلىرى سۇندى، بېشىمغا غەم قۇشى قوندى،
مېنى دەم ئىتتىرىپ ئوتقا، ئۆزۈڭ كىملەرنى يار قىلدىڭ؟

قىياسلار قايغۇرۇپ كەتتى، ئۇنى ھەسرەت بوزەك ئەتتى،
كېرەكسىز بىر غوزەك ئەتتى، تۇمانلىق كۆكتە سار قىلدىڭ.

ۋىدالىق شەربىتى ئىچتىم، ئۆزۈمگە رەزگى تون پىچتىم،
ساباھلار قونمىغان چاچىڭ، دىۋارگاھىمنى دار قىلدىڭ.

نېچۈن سەندىن يامانلايمەن، ئۆزۈمگە ئاھ، ئۆزۈم قىلدىم،
كاتاڭدا بەلكى ئوق سۇنغان ساداسىز «ياريار» قىلدىڭ.

بوۋاقى، شۇندىمۇ ئەھدى مەقامىنى بۇزۇپ يۈرمەس،
ساڭا ھېچبىر بىلىنمەيدۇ، مېنى كۈن ـ تۈن سانار قىلدىڭ.

## 221

مېنى ئەخمەقكە يار ئەتمە، بۇيۇك دىلبەرگە ئاشىقمەن،
ۋۇجۇدى گاھ سەمەندەردەك كۆيۇك دىلبەرگە ئاشىقمەن.

پىراقلار قالسا ئۇھ تارتىپ، يۈرەرمەن غەم تېغىن ئارتىپ،
زېمىستان ئىلكىدە باغرىم، يېشىل چوغ زەرگە ئاشىقمەن.

ھايات قوۋۇرغىسى سۇنغاي ئاداۋەت ۋەسلىدە كۆيسەك،
شۇڭا، زەيتۇن شېخى چىشلەپ كېلەر كەپتەرگە ئاشىقمەن.

دىلىمدا ئىپتىخارىم بار، تىلىمدا تىلتۇمارىم بار،
گۈزەل يارغا خۇمارىم بار، ھەسەل ـ كەۋسەرگە ئاشىقمەن.

ئىشەنچىم ئاڭا مىڭ كامىل، باراۋەرلىك مۇھىم ئامىل،
مۇھەببەت ھەممىدىن قابىل، ئەبەد ئەختەرگە ئاشىقمەن.

قۇرۇر گۈل چۈشمىسە يامغۇر، بېغىڭدا قالمىغاي چامغۇر،
مۇھەببەتتە يېشىل ساپ نۇر، تېنى ئوت يەرگە ئاشىقمەن.

بوۋاقى، ئاشىقى سەۋدا بولۇپ ئۆتكەيمۇ ئالەمدىن؟
بېشىدا مىڭ ئۈمىد چاقناپ يانار خەنجەرگە ئاشىقمەن...!

## 222

ئۆزۈمدىن ئۆتكىنى تاغدۇر، ئەبەد ۋەيرانىمەن ئەمدى،
يۈرەك ـ باغرىم قارا داغدۇر، ئەبەد ۋەيرانىمەن ئەمدى.

دىلىستانىمدا بۇلبۇلنىڭ ئۈنى ئۆچتى سەھەرلەردە،
گۈلۈمگە قونغىنى زاغدۇر، ئەبەد ۋەيرانىمەن ئەمدى.

ھىجىر ۋاقتى ئۇزاپ كەتتى يېشىل چۇشلەر نىگاھىدىن،
خىيالىم زەر گۈزەل چاغدۇر، ئەبەد ۋەيرانىمەن ئەمدى.

تېنىمدە گۈلى ـ رەيھاننىڭ ھىدى پارلايدۇ ئوتقاشتەك،
ھىجىردىن ئېتىقاد باغدۇر ئەبەد ۋەيرانىمەن ئەمدى.

دىلىمغا تولغىنى مەيزاپ بىلەن مەستانە ھەسرەتتۇر،
كۆزۈمگە تولغىنى ياغدۇر، ئەبەد ۋەيرانىمەن ئەمدى.

بوۋاقى، تاڭغا سۆزلەيدۇ، ۋىسالگاھىنى كۆزلەيدۇ،
نىدا : «فۇرقەت تۇغىن تاغدۇر...!» ئەبەد ۋەيرانىمەن ئەمدى...!

**223**

بېشىڭ كۆككە تاقاشماس باراۋەرلىك بولمىسا،
ئۇنى جان دەپ قوغداشقا بۈيۈك ئەرلىك بولمىسا.

يۇل ـ يول ئەمەس ئەزەلدىن، گۈل تۆكۈلمەس غەزەلدىن،
غۇرۇر تۇغقان ئوت يۈرەك ئەبەد زەرلىك بولمىسا.

ئادىمىنىڭ ئادىمىي ئەتە ئۇچۇن ياشايدۇ،
قىممىتىنى تاپالماس قۇت سەپەرلىك بولمىسا.

قىممەتتە بار زور ھىممەت، ئېتىقاد، ئار ـ پەزىلەت،
ياشام تەتۈر قۇيۇندۇر ھالال تەرلىك بولمىسا.

قۇرۇمامدۇ دەرەخنىڭ تومۇر كەبى يىلتىزى،
سۇت ـ قايماقتەك يېقىشلىق مۇنبەت يەرلىك بولمىسا.

قۇياش كۆكتە بالقىماس، تاغ ـ داۋاندىن ھالقىماس،
بىسىپ ھىجران دەشتىنى گۇل سەپەرلىك بولمىسا.

بوۋاقى، چىن دىلدىن ئىزدەر قۇياش بولۇشنى،
يېتەلمەس ھۆر ۋىسالغا ھالال تەرلىك بولمىسا.

**224**

ساڭا كۆڭلۈمنى يار ئەيلەپ شاراب مۇتلەق ئىچەر بولدۇم،
ئازاب دەرياسىنى دائىم مۆڭۈپ، ئىڭراپ، كېچەر بولدۇم.

دىلىستانىڭدا بۇلبۇلدەك قىلالماي بىر قېتىم خەندە،
ۋۇجۇدۇم بولدى دەپسەندە، جىمىدىن شاد كېچەر بولدۇم.

دىلىمغا سالسا دەرد رەندە، تېنىمدە تۇرمىدى جەندە،
ئۇۋالىم قالمىدى سەندە، ئۇنەر يانتاققا يەر بولدۇم.

رەقىبلەر شادىمان كۇلدى، رەپىقلەر مەن ئۇچۇن ئۆلدى،
ھىجىر باغرىمنى مىڭ بۆلدى، ئەبەدلىك غەم ـ ئىسەر بولدۇم.

چېچىڭ سەتھىسىدە قالدى غېرىب قارچۇقلىرىم يىغلاپ،
سەبىي چۇش قۇشلىرى دىلدا ئۇلۇغۋار شان ـ زەپەر بولدۇم.

پەزىلەت پوستىغا سىڭدىم قۇياشنىڭ نۇرىدەك مەزمۇت،
بوسۇغاڭ ئېتىكابىغا قەدەمسىز شۇم خەۋەر بولدۇم.

يېقىن بولغاچ قەلەم بىرلە ئەلەم دىلغا ئادالەتلىك،
ئىشقگاھىمدا قەلبىمنى كۆرۈپ يەتكەنگە زەر بولدۇم.

بوۋاقى، بىر داۋان ئاشتىڭ، قازاندەك قايىندىڭ، تاشتىڭ...
دىلىڭ غەم دارىغا ئاستىڭ دەپ «ئەل روھىدا كەر بولدۇم...»

**225**

بىلمەيتىمەن، قويىنۇمدا ياتقان يىلان ئىكەنسەن،
يا شەيتان، جىن جەم بولۇپ تۈزگەن پىلان ئىكەنسەن.

شىر - يولۋاسلار پۇشتىغا مەنزور ئەمەس خۇيلۇرۇڭ،
ئۆز نەپسىچۇن ياشارغا دىۋە، سىرتلان ئىكەنسەن.

ئاغزىڭ گويا كوھىقاپ، چۆچەك كۆزۈڭ قىلىن داپ،
تويماس يۇھا تاڭ قالغان تامام ئىلان ئىكەنسەن.

بىر ئۆزۈڭنى ماختايسەن، تەڭلەشتۈرۈپ ئىلاھقا،
كاسات مالچۇن بازارلىق رەزىل ئىلان ئىكەنسەن.

بەھرىڭ يوقكەن ئەزەلدىن، تۆرەلمىگەچ غەزەلدىن،
مىڭبىر پۈتىقى، تىكىنى بار نەس چىلان ئىكەنسەن.

كەچمەك بولۇپ بوۋاقى داۋانلارغا يول ئالدى،
بىلمەيتىمەن، باغرىمدا ياتقان يىلان ئىكەنسەن...

**226**

ئۆزۈڭنى كۆكتىكى ئەختەر، مىنى پەگادا خەس بىلدىڭ،
نىتەي پەگادىكى ئەخلەت، گويا ئادەم ئەمەس بىلدىڭ.

مىكىر خالتاڭدا قۇم ساقلاپ، ۋۇجۇد باغرىڭدا غۇم ساقلاپ،
چۆجە چىقماس تۇخۇم ساقلاپ، مىسال ئىتتىنمۇ پەس بىلدىڭ.

كۆڭۈل دەشتىمدە غەم قاينار، بېشىمدە ۋەھشى دەم ئويىنار،
ئەلەم باغرىمنى مىڭ چاينار، نىجاسەتتىنمۇ پەس بىلدىڭ.

جىمى دىللاردا روھ داستان بولۇپ ۋەسپىمنى ئۆپقاندا،
ئەجەب دۇنياغا ئامراق دەپ سەبىي ئاپتاپپەرەس بىلدىڭ.

ئۆزۈڭنى شاھى خاقانىنىڭ ساناپ پۇشتى ـ پاناھى چىن،
دېدىڭ: «مەن بولمىسام مۇندا كۇنۇڭ دەھشەتتۇ تەس...» بىلدىڭ.

ئۆزۈمدىن كەتكىنى بار دەپ پۇشايمانىنى ئۆزۈم يىدىم،
سەدەپ ئالتۇننى لال ئەتكەن كۆيۈك باغرىم پەۋەس، بىلدىڭ.

بوۋاقى، ئاھ پۇشايمانلىق شاراب ئىچتى سەھەر ئاخشام،
تۇرۇپ خەستىنمۇ روھىڭ پەس، مېنى پەگادا خەس بىلدىڭ...

**227**

چۈشتى سەۋدالىق بېشىمغا، كىمگە يىغلاپ داد ئېتەي،
دوستلىرىم كۆڭلىنى نا خۇش، دۇشمىنىنى شاد ئېتەي.

كۆيلىرىم كۆيگەن شەپەقنىڭ كۆزلىرىدە چاقنىسا،
ياۋ قاراقىغا پېتىپ مىختەك، دىلىنى دات ئېتەي.

بولغىنىم شەرمەندە ئازدەك، جەندە بولدى دەرد ـ ئەلەم،
يىغلىدى ئاشىق قەلەم ئاھ، يار ئۈچۈن پەرياد ئېتەي.

نۇر ساباھى جانغا تالىق بولمىدى كۆپتىن بېرى،
دىلرەبادىن ئۆزگىنى مەڭگۈ دىلىمغا يات ئېتەي.

يەر پۇراپ تۇرغان تېنىمنى نەدە سۆرەپ يەك يۇرەي،
ئارمىنىمنى شوخ كۆڭۈلگە بىر ئۆمۈرلۈك ئات ئېتەي.

چاڭقىغان يۇلتۇزغا باقسام ئۇمۇ مەندەك يىغلىدى،
شوخ كۆڭۈلنى غەم ئېراسىغا ئەبەدلىك كات ئېتەي.

ئەي بوۋاقى، خارلىقنىڭ ئېزىزلىقىڭنىڭ بەلگىسى،
دەپ ياشاۋەر چىن ئىجادتىن ھىجرى ـ دەردنى مات ئېتەي...!

**228**

ئاھ، ئۇرۇپ قان يىغلىغان دىۋانە جان مەنلىمۇ؟
ھىجرى ـ ئەپغان ئىلكىدە باغرى قان ـ قان مەنلىمۇ؟

كوچىسىدا ئىشقىنىڭ يۇرىكىنى چاك ئېتىپ،
ياقا يىرتىپ يىغلىبان داستان يازغان مەنلىمۇ؟

ئىچىپ شەبنەم سۈيىنى، ئېيتىپ ئاشىق كۈيىنى،
تۇمان باسقان ئۆيىنى مىسكىن داۋان مەنلىمۇ؟

ئۆتتى مەندىن سەۋەنلىك، ئىزدەپ يۇقىرى ـ تۆۋەنلىك،
قىلىپ سانسىز مەنمەنلىك بولغان پايخان مەنلىمۇ؟

غەمگە تالىق بېشىم بار، دېڭىز سىغماس يېشىم بار،
يېرىلمىغان تېشىم بار، زەر شەبىستان مەنلىمۇ؟

كۈتكەنلىرىم كۆتەكتەك ھېسسىز تەنگە ئايلاندى،
ۋىسال ئىمكان بولمىسا مۇز چاينىغان مەنلىمۇ؟

بوۋاقىنىڭ دىلىدا ئازاب ئوقى چۆرگىلەر،
داۋانلاردىن ھالقىغان شاھى مەردان مەنلىمۇ؟

**229**

تۇغۇپ تۇن ھېسلىرى ھەسرەت، دىلىستانىم خىرە قىلدى،
سوزۇپ ھىجران قارا قولىنى، بويۇندىن چىڭ گىرە قىلدى.

پېتىپ قارچۇقلىرىمغا تاڭ نىگاھى مىسلى خەنجەردەك،
كۆيۈك باغرىدىكى دىلبەر خالىنى پەنجىرە قىلدى.

قىياملىق جىلۋىلەر ئۆچتى تەبەسسۇم كۆكسىدىن بالقىپ،
بۇيۇك ئاشىق پىراقىنى ھاشارەتلەر شىرە قىلدى.

ئاقارغان چاچلىرىم ئۇچتەك غېرىب قومۇشنى ئەسلەتسە،
قېشىم شىۋاقىدا شەبنەم كۇلۇپ زەر مەنزىرە قىلدى.

تىلىمدىن تۆككىنىم يالقۇن، دىلىمدا قالغىنى گۇلخان،
روھىمدا كۈي ئۇپار ئالتۇن، سۆيۈكنى چىن زىرە قىلدى.

جۇدالىق سىغدىلىپ قۇمدەك غۇرۇرگاھىم ۋۇجۇدىغا،
قۇرۇت يېگەن ياغاچ يەڭلىغ ئۇستىخان ھەم تېرە قىلدى.

بوۋاقى، دىلبەر زاھىر كۈي، ئۆزۈڭ دىلبەرنى بالقىپ سۆي،
ۋېدا تاغىدىن ھالقىپ كۆي، سېنى ئۇ ھۇر تۆرە قىلدى.

**230**

قانچە تۇننى ئۇلىدىم تاڭغا، گۇل يارىم كەلمىدى،
مۇزلىغان چۇشنى ئېرىتكەن زەر باھارىم كەلمىدى.

سازلىرىم غەمگە پېتىپ ياتتى كۆكۆلدەك تولغىنىپ،
ئەيلىگەن باغرىمنى شاد، خۇش يېشىل تارىم كەلمىدى.

سىڭگىنىم ۋەيلۇن شاراب ئاھ، بىر يولىغا مىلىڭ تاراپ،
تەلمۈرۈپ بولدۇم خاراب ۋەسلى قارارىم كەلمىدى.

ئېتىقادلىق ئىشقى ھىجران دەشتىدە قۇشۇم غېرىب،
دىل ئىرادەم، ئارمىنىم ھەم ئىپتىخارىم كەلمىدى.

نالە ـ ئەپغان مىسلى مۇزدۇر شاھ كەبى ئۆلتۈرگۈسى،
قالدى دەۋرانىم دىلىمدا، تەركى ئارىم كەلمىدى.

شۇندىمۇ بەگباش بوۋاقى بۇتىنىماي مەغرۇر ياشار،
دىلغا دىلداش، ئەڭ يېقىن چوغ، قايغۇ ـ زارىم كەلمىدى...

**231**

شەيتىنى كۆپتۇر جاھاننىڭ، مەنزىلىڭ زەر بولمىسا،
كىم قاقالايدۇ قانات چىن بىر يېشىل پەر بولمىسا.

ياۋنى چۆلگە سۈر ـ توقاي قىلماققا نۇر ئىمكان كېرەك،
تاپقۇزار ھىجران مۇراد شاد، دىلدا خەنجەر بولمىسا.

قىممىتى بولمايدۇ يالقۇننىڭ كۆيۈپ ئاسمان ـ پەلەك،
رازىمەنلىك ئىلكىدە كۆيگەن سەمەندەر بولمىسا.

مېۋە بەرمەس جەننەتۇل مەئىۋادىمۇ ئۇلۇغ دەرەخ،
يىلتىزىنى بىخلىتارغا باغرى قان يەر بولمىسا.

كىم تاپالايدۇ يولىنى چاچلىرىڭدەك تۈن ئارا،
دىل كۆكىدە پارلىغان مەۋلانە ئەختەر بولمىسا.

نەدە قىممەت، نەدە ھىممەت، نەدە نېمەت جىلۋىسى،
ئۆز پەزىلەتنى تۇغار مەردانە قان تەر بولمىسا.

يار بولالماس يار گۈلىنى قوغدىغىلى ھەر سەھەر،
ئەي بوۋاقى، سەن كەبى ئاتەش نەپەس ئەر بولمىسا.

شۇڭا كۆكلەپ يار ۋۇجۇدىدا مىسال ئۇجمە بولۇپ،
ئەتىۋارلىق يارغا نەدۇر، سەنچە ئىزدەر بولمىسا...

**232**

ئىزگۈ روھ قەلبىمدە گۈلخان، ياخشى ئادەم بولمىدىم،
ئارمىنىم ئالتۇن باشاقتۇر، پەخرى ھاتەم بولمىدىم.

خام ھەم پىششىق يېگىلى بولغان بىلەن سەۋزىنىمۇ،
شۇ مىجەزىم بارمىكىن يا، قايغۇ ـ ماتەم بولمىدىم.

كىرپىكىڭدە چاقنىغان ئوتقاش ۋۇجۇدتەك شادىمان،
بەرگىي ياپراق جىلۋىسىدە ۋەسلى شەبنەم بولمىدىم.

قىينىدى ياۋدەك پىغان، قىل دەپ جېنىڭنى ئارمىغان،
ھېچ يەرمۇ يوق مەن بارمىغان، ئىشقىم بىلەن يەم بولمىدىم.

ئەتىۋارلىق ئەر ئىدىم، كۆكلەرگە زەر كۈي يەر ئىدىم،
سۇنمايدىغان چىن پەر ئىدىم، دىللاردا زەمزەم بولمىدىم.

ئۆز باھارىم ياز ئىدىم، ئاۋازى مۇڭلۇق ساز ئىدىم،
باغرىڭدا قۇت سەرۋاز ئىدىم، ۋەسلىڭدە كۆكلەم بولمىدىم.

بوۋاقى باغرىنى تىتىپ، ئايغا بېقىپ ئاھ، داد ئېتەر،
ھالىدىن مىڭبىر كېتەر، كۆر، تەركىي بېشەم بولمىدىم.

**233**

ھەر كىشى سۆيسۇن كۆڭۈلدىن ئۆزىنىڭ ئۆز يارىنى،
ئاڭا ئېيتسۇن شادىمان يىغلاپ نادامەت ـ زارىنى.

يار دېگەن زەر نۇر ئەبەد كۈيلەر كۆزىدە چاقنىغان،
چىن نىيەتتە چەكسە ئاشىق بىر ئۆمۈر دىل تارىنى.

قوغدىماق پەخرى ئادالەت ئېتىقادى، روھىنى،
ئارمىنى، غۇرۇرىنى، ئەقىدىسىنى، ئارىنى...

ئۆز كۆڭۈلدەك گۈل تېپىلماس ئايلىنىپ چىقساڭمۇ گەر،
تەلپۈنۈپ گويا سەمەندەردەك تۈگەل يەر شارىنى.

شۇڭا ياۋغا بەرگىلى بولماس مىكىرگە ئالدىنىپ،
يارى كارى، بارى سىڭگەن ۋەسلى قايغۇ ـ زارىنى.

ئىزدىسەڭ چىن قۇت ئەمەسمۇ چەرخىي ئىمكان ئالدىدا،
قارا، بۇجغۇر چاچىدىن ۋۇجۇدقا كەلگەن دارىنى.

ئەي، بوۋاقى بىر ئۆمۈر دىلدىن چىقارماس شام ـ سەھەر،
چىن مۇھەببەت ناخشىسىنى توۋلىغان سەن خارىنى...

## 234

پىغان دەشتى ئازابلىقكەن، چىدامغا قالمىدى تاقەت،
قۇرۇپ كەتكەن لىۋىم چوغدۇر، ئېزىپ باغرىمنى مۇڭ سائەت.

ۋىسالگاھىمنى ئىزدەيمەن، ئۆزۈمنىڭ گۆشىنى يەيمەن،
سەبىي سۇبھى كېلەر دەيمەن، كۇتۇش مەندە ئېسىل ئادەت.

بېشىم بىرلە چۆكۈپ كەتتىم ئەلەم سازلىقىغا بىۋاق،
يېشىم مىڭ رەت تۆكۈپ كەتتىم، دىلىمدا قايىنىدى تائەت.

ئادالەت چاقىنىسا تىنىسىز، ئاداۋەت يۇمدى كۆز ئاخىر،
ئىكەن دىل ئەسلىدىن شائىر، ئىكەن غەم تۇندىكى ئاپەت.

يېشىل چۇش كۆرمىدىم تۇندىن بېرى، تاغلارغا ئۇلاشتىم،
بەلكى سۆھبەتتە سىغماس غەم، ئۇپۇشلار روھتىكى ئامەت.

ۋېدا قارچۇقلىرىدا تەن لىباسىدىن كېتەر ئاجراپ،
سەمەندەردەك كۆيەر يالقۇن ئارا سۇبھىدە زەر قامەت.

بوۋاقى، يارى ھەقدالىق ساڭا باقىي نېسىپ بولغاي،
بۇيۇك نەپسىدە قۇت تاپماق ئەبەد پۇتمەيدىغان راھەت...!

## 235

ئەلەملەر ئەزسە باغرىمنى، يۇرەكىم سىقىلىپ كەتتى،
غۇبارگاھىمدا لەززەتنى ھىجىر دەشتى ئېلىپ كەتتى.

ئېلىپ كەتكەنگە ئاھىم يوق، بىراق ئىشقىمدا شاھىم يوق،
يامان بىر ئاقىۋەت شۇكى، تېنىمگە تىغ سېلىپ كەتتى.

باراۋەرلىك بۇزۇلغاندا، پىغان تاڭغا سوزۇلغاندا،
بىقىپ ۋەسلى ئارامىڭغا كۆزۈم بەكمۇ تېلىپ كەتتى.

ساراڭلىق بەرقى سەۋدالىق دىلىم بوستانىدا چاپچىپ،
پەقىر روھىم ئېراسىدا قېلىن دۇمباق چېلىپ كەتتى.

قارارگاھىم ۋىدالىق ئىلكىدە جاندىنمۇ مىڭ تويدى،
ئەجەب سەرسانە ئىشقىمنى تامام ئاخىر بىلىپ كەتتى.

قىياقلار قايرىلىپ تۈن رەڭ ئازاب مەيخانىسىدا شاد،
كۆيۈك قىل ئەۋجىدە ئىشقىم، غېرىبلىق مىڭ كېلىپ كەتتى.

بوۋاقى، بۇلبۇلى شەيدا بولۇپ رەيھاننى كۆت سەر خۇش،
ئۈمىدسىز رەزگى شەيتاننىڭ تاپانى قېقىلىپ كەتتى!

**236**

كېسەك چا، لاشقا نە ھەددىڭ، يېشىل چوغدەك چاراسلايمەن،
ئېتىلغان ئۈيلىرىم ئوقتەك، كۆيۈپ بارىم پاراسلايمەن.

ئەمەس دىل قولدىكى ھۆل چۆپ، قىياسىدا ئەلەملەر كۆپ،
تۈرار باغرىمدا غەم كۆپچۈپ، بولۇپ توغراق قاراسلايمەن.

غۇرۇر جەزبىسىدە شەبنەم غېرىب كىرپىكىدە كۆكلەر،
چۆكۈپ بارخانى قۇملارغا، ئۆزۈمنى بەلكى تاسقايمەن.

ئۈمىد گويا يېشىل تاردۇر، ئۇ قەلبىمدە غۇرۇر - ئاردۇر،
تۈزۈلگەن زەر ساتار يەڭلىغ تۆكۈپ مۇڭ - زار، قاراسلايمەن.

ناۋا قارچۇقىغا نەۋ جەم، ۋىدا كۆكسىدە كۆكلەر غەم،
سەمەندەردەك چۆكۈپ شادلىق مەيگە، ئوتقا تاشلايمەن.

رىزادەك ئوتقا كۆيگەنگە، ئۇنىڭ ئوت لېۋىنى سۆيگەنگە،
تۇرۇپ ئۇ كۆكسىنى سىيلاپ خۇشال بارىمنى ياشلايمەن.

ھىجىر كەلگەندە ھۇ تارتىپ، بارار تەشۋىشلىرىم ئارتىپ،
قىلىپ كۆسەي نىگاھىمنى ئىشق باشىنى قاشلايمەن.

ئىكەن تېرەممۇ زەپ تۇزلۇق، يۈرەكىم ئۇندىكى مۇزلۇق،
بوۋاقى، باستى ئۇسسۇزلۇق، ئەبەد ئىشقىمنى ئاشلايمەن!

**237**

تەقدىر، چاقچىقىڭ كۆپتۇر، يېغىشكە ھېچ ئامالىم يوق،
قاياقتا باقسام پۇتمەس غەم، پىياز گىچ ـ گىچ، ئامالىم يوق.

چېچىمدىن تاپىنىمغىچە ئەلەم جەندە كۇلاھى بار،
يۈرەكتە ئىزتىراپ دولقۇن، ئەمەسمەن تىنچ، ئامالىم يوق.

كۆمۈرگە ئايلىنىپ كەتتىم، تۆمۈردەك قايرىلىپ كەتتىم،
ئۆزۈمنى بەك بوزەك ئەتتىم، جاھان زەر، تىنچ، ئامالىم يوق.

تېگىمدە «ياريار» ھارۋا، ماڭار ئەگرى ـ توقاي يولدا،
ئوقى ياغمۇسىراپ كەتكەن، نېدا «غىچ ـ غىچ»، ئامالىم يوق.

شەپەق شەبنەملىرىدە جان باھار ئىزدەپ نېدا قىلسا،
ھېجىر دەيدۇ: «شاراب ئاچچىق، «ھەسەل» چاي ئىچ...!» ئامالىم يوق.

يىراقتا ۋەسلى شادلىق، قۇت، تېنىڭدە يامرىغاي مۇز ـ جۇت،
بىناسى شۇ قەدەر مەزمۇت، ئازاب بەك زىچ، ئامالىم يوق.

بوۋاقى دەيدۇ: «تەقدىرنىڭ ئېشى پىشمايدىكەن زادى،
ئاشۇ خام ئاشنى ئىچكەن جان ئەبەد مىچ ـ مىچ، ئامالىم يوق.»

**238**

قەدرى ـ قىممەت نە ئېرۇر بۇلبۇلدا، شاتۇت بولمىسا،
زەر باھارنى كىم چۇشەنگەي جان ئالار جۇت بولمىسا.

ئوتقا سەكرەمدۇ سەمەندەر گۇل ھايات قىممەت تۇرۇپ،
شۇ كۆيۈكنىڭ كەينىدە شاھانە چىن قۇت بولمىسا.

كۆر، ئەنە پەرۋانە شۇنچە بىر كىچىك جانۋار تۇرۇپ،
ئوت ئىچىدىن ئىزدىمەس يار، باغرى زەر دۇشت بولمىسا.

باغرىنى چاك ئەيلەپ زەينەپ، كۇي تۆكەرمۇ تولغىنىپ،
بىر يېرىدە گۇل جاھاننىڭ كاككۇك مەۋجۇت بولمىسا.

بولسىمۇ ئاسمان ـ پەلەك سۆيگۇ بىناسى تۇغ ئېسىپ،
تا ئەبەد تۇرغايمۇ بالقىپ ھۇلى مەزمۇت بولمىسا.

ۋەسلى ئىمكانلار ئارا چاپقۇر كۆڭۈلنىڭ يارى قان،
نە ۋىسال بار «قولى قامچا، ئاتقا تەن پۇت...» بولمىسا.

چاكى چاك بولغاندىمۇ شائىر بوۋاقى شادىمان،
رازى ئۇ ھاياتىدىن مەڭگۇگە شاتۇت بولمىسا...!

## 239

چېھرى گۈل، روھى لەھەد ياردىن راپاۋەت كۆرمىدىم،
گاھى بولسامىمۇ سەمەندەر، قىلچە راھەت كۆرمىدىم.

ئەتكىنىم بولدى خاتا، باققانلىرىممۇ ھەم پادا،
يوللىرىمدا تاش ـ خادا، ئىشقى باراۋەت كۆرمىدىم.

مېھنىتىمدىن ئۈندۈرۈپ گۈل باشىغا قىسقانلىرىم،
دەرد ـ ئەلەمگە بولدى شاھىد، يەك كارامەت كۆرمىدىم.

ئەپتى ـ ئەينەككە قاراپ تۆكتى يېشىنى زەر قەلەم،
بولدى يوق بارچە دەرەم، ئۆزگە ئالامەت كۆرمىدىم.

قانۇ تەرىمگە چۈشۈپ شەك، تىترىدى ئاتەش ۋۇجۇد،
كۆرگىنىم جۇت، نەدىكىن قۇت، پەخرى ئادەت كۆرمىدىم.

ھەر كىشى ھەر نەرسە دەپ باقتى بىر مەندىن گەپ ئېلىپ،
بىر جاۋاب: «جانىم بېرىپ، ئاھ زەررە ئامەت كۆرمىدىم...»

ئەي بوۋاقى، شادىمان ئىچكىن پۇشايمان مېيىنى،
ئىچ ـ تېشى گۈل، خۇيى ئۈز كۈي، سەۋرى قامەت كۆرمىدىم.

## 240

ئىگرىساڭ شەپقەت تىلەپ، كۆرمەسكە سالسام ياخشىكەن.
تۈرغىنىڭدا چىش بىلەپ، كۆرمەسكە سالسام ياخشىكەن.

قۇرۇغان قوراي كەبى تۇرساڭ ئىچىمنى ئاغرىتىپ،
غەملىرىڭ يۈرگىچە يەپ، كۆرمەسكە سالسام ياخشىكەن.

چىن مۇھەببەت دەپتىكەنمەن، كۆزلىرىڭنى ئوينىتىپ،
ۋەدە بەرسەڭ ئەركىلەپ، كۆرمەسكە سالسام ياخشىكەن.

ئۆز جېنىمنى قىينىدىم، قىلچە رەھىمىمۇ قىلمىدىم،
يۈردى ھەسرەت پەتىلەپ، كۆرمەسكە سالسام ياخشىكەن.

مەنچە سەۋدانى كۆرۈپ ئالەمچە ھېچكىم باقمىغان،
كۆنلىرىم مۇڭلۇق ئەجەب، كۆرمەسكە سالسام ياخشىكەن.

كۆرگىنىم پەرى ئىدى، مىسلى ۋىسال سەھرى ئىدى،
لازىمىكەن ئەسلىي نەپ، كۆرمەسكە سالسام ياخشىكەن.

مانا ئەمدى ئىت ـ ئېشەككە بار مېنىڭ قەرزىم تالاي،
دەپ يۈرەر ئەللەمە «خەپ...!» كۆرمەسكە سالسام ياخشىكەن.

چاچلىرىم ئۇچتەك ئاقارغان بىر سەھەر ئالدىمدىدۇر،
ياشلىرىم بولدى سەلەپ، كۆرمەسكە سالسام ياخشىكەن.

قېنى ئىشق، سۆيگۈ، غۇرۇر، نۇر، ئېتىقاد، ئەقىدىلەر؟...
نە ئېرۇر ھېسسىي تەلەپ، كۆرمەسكە سالسام ياخشىكەن.

ئەي بوۋاقى، ئۇرما ئاھ، پۇرسەت دىلىڭدا مىسلى تاغ
ئات ـ كالا يەيدۇ ھەلەپ، كۆرمەسكە سالسام ياخشىكەن...!

## 241

چۈشتى باشىمغا ئەلەم مۆلدۈرلىرى «مىڭ داد...!» دېدىم،
كىرپىكىڭنى ئوق قىلىپ ئوتلۇق يۈرەككە ئات دېدىم.

لەۋزىنى بىلگەچ ھالال، كۆيگەنىدىم ئىشقىڭدا مەن،
چاغلىبان گۈلزار ۋەتەن، قىلما ئەلەمدە مات دېدىم.

زەپ نومۇس ۋەجى قىسىلدى گۈل بېشىم گاھ تال كەبى،
گەر قۇلۇق بولسام ناۋادا بازىرىڭدا سات دېدىم.

كىرپىكىڭ باغرىدىكى يۇھا كۆزىكەن ئەسلىدە،
تويغۇزالماس نەپسىگاھىڭنى، تۇمەن پەرياد دېدىم.

بارچە كۈلدى ئالدى ـ ئارقامدا مازاق ئەيلەپ ئەجەپ،
ماختىغان يار چۇنكى دىلنى قىلدى تۆشۈك كات... دېدىم.

ياخشى چۈش كۆرگەنلىكىم زاھىر ئىدى سۇبھى تامان،
ئەمدى نەيلەيىن ھاياتىم بولدىمۇ بەربات دېدىم.

ئوڭغا باقسام ئوت كۆيەدۇر، سولغا باقسام جىن چىراغ،
سېنى سۆيگەندىن بېرى بولماپتىمەن بىر شاد، دېدىم.

تولدى ئوغىغا قاچام، ئىچمەي ئىلاجىم يوق ئەبەد،
ئەي بوۋاقى، قوي يۈرەككە سەبرىدىن زەر قات دېدىم.

بەلكى ھىجران كۈلكىسى يەتتى چېكىگە بۇ سەھەر،
مىڭ جۇدۇندىن تىنچ ـ ئامان چىققاي يەنە شەمشاد دېدىم.

策　　划：伊布拉音·色满
组　　稿：阿布都许库尔·伊明
责任编辑：古丽努尔·阿布都肉苏力
阿布都外力·阿布都瓦伊提
特约编辑：阿布来提·居马土谱热克
责任校对：努力曼·卡德尔
封面设计：海米旦·赛达力木
板式设计：阿依努沙·吾布力

**爱人啊，你心中有谁**（维吾尔文）
（诗集）
阿布拉江·布瓦克　著

新疆人民出版总社
新疆科学技术出版社出版发行
（乌鲁木齐市延安路 255 号　邮编：830049）
新疆新华书店经销　新疆力诺商务印务有限责任公司印刷
880mm×1230mm　32 开本　6 印张
2013 年 5 月第 1 版　2013 年 5 月第 1 次印刷

ISBN978－7－5466－1227－0（民文）　定价：18.00 元



مۇقاۋىسىنى لايىھەلىگۈچى : خەمدەمسەت ئالىم

ISBN 978-7-5466-1227-0
9 787546 612270 >
定价：18.00元